

# تىل-ئەدەبىيات

## 2-كىتاب

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تۈزگەن

**ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى**



# تىل-ئەدەبىيات

## 2-كىتاب

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى» دەرسلىكلىرى

## تىل-ئەدەبىيات ـــ 2-كىتاب

(2-يىللىقلار ئۈچۈن)

تۈر دېرىكتورى: در. رىشات ئابباس

تۈر مەسئۇللىرى: در. گۈلنار ئەزىز، در. مەغپىرەت كامال، ئابدۇلھەمىد قاراخان

### دەرسلىك تۈزۈش ھەيئىتى

مەسلىھەتچى: پروف. در. شاخلو يۇلداشېۋا، پروف. در. فىردەۋس گۈنەش، در. نۇرنىسا قۇربان

باش تۈزگۈچى: دوتس. در. رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي

ياردەمچى تۈزگۈچىلەر: ئا. سەردار زاغئوغلى، ئادىلە ئەنۋەر قاراخان

باش تەھرىر ۋە كوررېكتور: خۇمارگۈل ھۇمەيرا ئۇلۇيول

تەھرىر ھەيئىتى: پروف. در. دىلنۇر قاسىموۋا، تۇرغۇنجان مۆمىن، دىلنۇر ئابدۇرەھىم، رەنا قاراخان، سەلىمە ئا. كامال، سۇرەييا ئابلىمىت قەشقەرى، مېھرىئاي شىرئەلى ئەزىزتەكىن، يۇلتۇز تىيىپجان

پۇتتوكچىلەر: رازىيە مەمەت تۇرسۇن، رەيىمە مەمەت تۇرسۇن

رەسسام: گۈلناز تۇرسۇن

فوتوگراف: ئابلىكىم ئەمەت

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن

### تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەد

تەھرىر ھەيئىتى: پروف. در. ئالىمجان ئىنايەت، پروف. در. گۈلنىسا نازاروۋا، دوتس. در. رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي، دوتس. در. رۇسلان ئارزىيېۋ، در. پەيزۇللا زەيدۇن، در. گۈلنار ئەزىز، در. ماھىرە ياقۇپ، در. مەغپىرەت كامال، در. نۇرنىسا قۇربان

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى

تور ئادرېسى: www.akademiye.org

نەشرىيات: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

بىرىنچى نەشرى

ISBN (كىتاب نومۇرى): 978-1-959397-18-2

نەشر ھوقۇقى © 2024 ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ
ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تۈزدى

ئىستانبۇل، 2024

Uyghur Academy “Uyghur Language Arts” Textbook Series

# Uyghur Language Arts

Grade 2


Project Director: Dr. Rishat Abbas

Project team: Dr. Gülnar Eziz, Dr. Magfiret Kamal, Abdulhamit Karahan

## Program Author Team

Advisors: Prof. Dr. Shaxlo Yuldasheva, Prof. Dr. Firdevs Günes, Dr. Nurnisa Qurban

Lead Program Author: Assoc. Prof. Dr. Reyila Kasgarli

Program Authors: A. Serdar Zagh’oghli, Adile Enwer Qarahan

Program Editor and Proofreader: Hümagül Hümeyra Uluyol

Program Editors: Prof. Dr. Dilnur Qasimowa, Turgut Altun, Dilnur Abdurehim, Rena Karahan, Selime Kamal, Sureyya Ablimit Kashgary, Mihray Xieraili Aziztekin, Yultuz Teyipjan

Recorders: Raziye Memet Tursun, Rehime Memet Tursun

Illustrator: Gülnaz Tursun

Photographer: Ablikim Emet

Cover and Page Designer: Abdulaziz Akhun


## Editorial Board


Editor-in-Chief: Enwer Muhemmed

Executive Editors: Prof. Dr. Alimcan Inayet, Prof. Dr. Gulnisa Nazarova, Assoc. Prof. Dr.Reyila Kasgarli, Assoc. Prof. Dr. Ruslan Arziyev, Dr. Payzulla Zaydun, Dr. Gülnar Eziz, Dr. Mahire Yakup, Asst. Prof. Dr. Magfiret Kamal, Dr. Nurnisa Qurban



Publisher: Uyghur Academy

Web address: www.uyghuracademy.org

Printed by Teklimakan Uygur Publishing House

The First Edition

ISBN: 978-1-959397-18-2

Uyghur Academy



Copyright 2024 © Uyghur Academy



Developed by Uyghur Academy Mother Language Committee

Istanbul 2024

# قۇرتۇلۇش(*) يولدا

**مەمتلى تەۋپىق (1901–1937)**



**قۇرتۇلۇش(**) يولدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،**
**سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز، بولسۇن فىدا بۇ جانىمىز.**
**قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ، ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،**
**قۇتقۇزۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.**

**يۇرتىمىز بىز يۈز - كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،**
**ئەمدى ھېچ كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈرك ئەۋلادى بىز.**
**يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،**
**دۇنيانى سورىغان ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.**

**ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،**
**نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.**
**چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،**
**ياشىسۇن ھېچ ئۆلمىسۇن، گۈزەل ئىستىقبالىمىز.**

**ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن، پارلىسۇن ئىستىقبالىمىز!**

---

( * )　بۇ شېئىرنىڭ 1- ۋە 3-كۇپلېتلىرى مىللىي مارش سۈپىتىدە ئوقۇلماقتا. پەرقلىق مەنبەلەردە پەرقلىق ۋارىيانتلىرى ئۇچرايدۇ.

( ** )　«قۇرتۇلۇش» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قۇتۇلۇش» دەپ قوللىنىلىدۇ.

# مۇندەرىجە


قۇرتۇلۇش يولىدا ........ 1

كىرىش سۆز ........ 3

شەرتلىك ئىشارەتلەر ........ 4

**بىرىنچى بۆلەك: ئۆسمۈرلەرنىڭ دۇنياسى**

1-دەرس: بوۋاق بالا ئەمەسمەن ........ 5

2-دەرس: دوستۇم ........ 8

3-دەرس: قارا-قارا قۇشلارىم ئويۇنى ........ 11

4-دەرس: ئائىلەم ........ 15

**ئىككىنچى بۆلەك: يەم-پاراسەت**

5-دەرس:ئۆزۈمنى سايلايمەن ........ 21

6-دەرس: بىر مىنۇت ........ 24

7-دەرس: ئاچچىق ۋە تاتلىق ........ 27

8-دەرس: ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىل ........ 31

**ئۈچىنچى بۆلەك: سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز**

9-دەرس: ۋەتەن ئانىمىز ........ 38

10-دەرس: بىزنىڭ مەھەللە ........ 42

11- دەرس: ئۈرۈمچى ........ 45

12-دەرس: ئىدىقۇتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ........ 47

**تۆتىنچى بۆلەك: مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز**

13-دەرس: سالاملىشىش ........ 53

14-دەرس: بۆرە كەلدى ........ 56

15-دەرس: بولسا مېنىڭدە ... ........ 60

16-دەرس: نورۇز بايرىمى ........ 63

**بەشىنچى بۆلەك: ئەجدادلار مىراسى**

17-دەرس: سادىر پالۋان قوشاقلىرى ........ 66

18-دەرس: بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرمايمەن ........ 68

19-دەرس: شائىر تاغام لۇتپۇللا ........ 71

20- دەرس: بىرلىك ــ ئۇلۇغ كۈچ ........ 73

**ئالتىنچى بۆلەك: ئانا تىلىم ــ ئۇيغۇر تىلى**

21- دەرس: ئانا تىلىم ئانامدەك ........ 77

22-دەرس: دۇنيا ئانا تىل كۈنى ........ 81

23- دەرس: ھەپتە ........ 83

24-دەرس: قانداق ئاتايمەن؟ ........ 86

**يەتتىنچى بۆلەك: گۈزەل تەبىئەت**

25-دەرس: قىش كېچىسى ........ 90

26-دەرس: قارلىغاچ بىلەن زىبا ........ 93

27-دەرس: ئاتلا، قۇلۇلە ........ 96

28-دەرس: زۇمرەت كۆل ........ 99

**سەككىزىنچى بۆلەك: بىز ۋە ئىلىم-پەن**

29-دەرس: بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە ........ 103

30-دەرس: مەن نېمە؟ ........ 106

31-دەرس: ئالتۇن ۋە بىلىم ........ 109

32-دەرس: چاقنىڭ تەرەققىياتى ........ 114

لۇغەت ........ 119

مەنبەلەر ........ 127

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى» – پەرزەنتلىرىمىزگە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنى سىستېمىلىق ئۆگىتىش مەقسىتى بىلەن تەييارلانغان ماتېرىياللاردۇر

دەرسلىكلەر – ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبەسىدىن باشلاپ، تىل-ئەدەبىيات ساھەسى بويىچە تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەسىنى تۈگەتكۈچە بولغان ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئون ئىككى كىتاب ۋە يانداش ماتېرىياللاردىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈشتە، ۋەتەندە نەشر قىلىنغان تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى تېكىستلەر ئاساس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا تېكىستلەرمۇ سەپلەندى. دەرسلىكلەرگە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى مەنىۋى كۈچ ۋە ئاڭ-پىكىر جەھەتتىن بۇ جەمئىيەتكە باغلاپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى، جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنى تونۇش ۋە پىكىر قىلىش سىستېمىسى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەدرىيەتلىرى سىڭدۈرۈلۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. مېتود جەھەتتىن زامانىۋى پېداگوگىكا ئىلمىنىڭ نۆۋەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى نەزەرگە ئېلىندى. تېمىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، سەۋىيەگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ماتېرىياللار مىللىي ۋە ئىلمىي قىلىپ تۈزىلىش بىلەن بىرگە قاراتمىلىققا ۋە خاسلىققا ئىگە قىلىندى. ئىملا جەھەتتىن مىرسۇلتان ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن 2009-يىلى روياپقا چىققان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» ئاساس قىلىندى. گىراماتىكىلىق ئاتالغۇلار ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر قاتارلىقلار تۈزگەن ۋە 2010-يىلى نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»غا ماسلاشتۇرۇلدى. باشقا ماتېرىياللاردىن ئەينەن ئېلىنغان، قىسقارتىپ ئېلىنغان ياكى ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان تېكىستلەرنىڭ ئەسلىي مەنبەسى «مەنبەلەر» قىسمىدا كۆرسىتىلدى. مېھنەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرى ئونۋانلار بويىچە، ئوخشاش ئۇنۋاندىكىلەرنىڭ ئىسىملىرى بولسا، ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە تىزىلدى.

قولىڭىزدىكى كىتاب – دەرسلىكنىڭ ئىككىنچى كىتابى بولۇپ، ساۋادى چىقىپ بولغان بالىلارغا ماس كېلىدۇ. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تىل ئىشلىتىش ۋە پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان تېكىستلەر ۋە كۆنۈكمىلەردىن تەركىپ تاپىدۇ. ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى سۈپىتىدە تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قارشى مەنىلىك سۆزلەر كارتىسى، مەنىداش سۆزلەر كارتىسى ۋە ئاھاڭداش سۆزلەر كارتىسى، بۇ كىتاب بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ.

مەزكۇر كىتاب – ئىككى يىللىق ئەمگەكنىڭ مەھسۇلىدۇر. دەرسلىك تۈزۈش پىكرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىدىن باشلاپ، بېسىپ تارقىتىشقىچە بولغان پۈتۈن جەرياندا، ماددىي ۋە ياكى مەنىۋى جەھەتتىن قوللىغان، قىممەتلىك ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى ئايرىپ، مېھنەت سەرپ قىلغان بارلىق پىدائىيلارغا سەممىي تەشەككۈر ئېيتىمىز.

كىتاب – دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پەرزەنتلىرىمىزدە ئورتاق بىر مىللىي كىملىك ئېڭىنىڭ يېتىلىشى، قوغدىلىشى ۋە داۋاملىشىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغۇسى، دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

دوتسېنت دوكتور رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشىغەرىي
ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئانا تىل كومىتېتىغا ۋاكالىتەن
«ئانا تىل دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى»نىڭ مەسئۇلى

# شەرتلىك ئىشارەتلەر



يېزىش



ئاۋازلىق ئوقۇش ياكى سۆزلەش



سوئاللارغا جاۋاب بېرىش



مۇھىم نۇقتا

## بىرىنچى بۆلەك

# ئۆسمۈرلەرنىڭ دۇنياسى

**دەرسكە تەييارلىق**

- ئۆيدە، مەكتەپتە ياكى يولدا باشقىلار بىلەن قانداق سالاملىشىسىلەر؟
- ئائىلىدە قايسى ئىشلارنى قىلىسىلەر؟

## 1-دەرس

### بوۋاق بالا ئەمەسمەن

مۇختار بۇغرا

(شېئىر)

بوۋاق بالا ئەمەسمەن،
ئېغىزگە يوق ئاغزىمدا.
ئانا تىلىمنى ئۆگىنەي،
قەلەم ئالدىم قولۇمغا.

جان دادامنى سۆيىمەن،
جان ئاپامنى سۆيىمەن.
مۇئەللىممۇ ئۆز ئانام،
ئۇنى ياتتەك كۆرمەيمەن.

بوۋاق بالا ئەمەسمەن،
سۈتنى «مەمە» دېمەيمەن.
جان ئانامنىڭ قولىدىن،
ئەمدى بۇلماق يېمەيمەن.



## كۆنۈكمە

1. شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.



ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تىزىلىش تەرتىپى بار. لۇغەتلەردىن سۆز ئىزدىگەندە، مۇشۇ تىزىلىش تەرتىپىگە ئاساسەن ئىزدەيمىز. سۆزلەرنى رەتكە تۇرغۇزغاندا، ئەگەر بىر رەتكە كەلگەن، بىرىنچى ھەرپى ئوخشاش ئىككى سۆز بولسا، بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسى ئالدىدا قايسىسىنىڭ ئارقىدا كېلىدىغانلىقىغا ئىككىنچى ھەرپكە ئاساسەن قارار بېرىمىز. ھەرپلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

**ئا، ئە، ب، پ، ت، ج، چ، خ،**

**د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف،**

**ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ،**

**ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ۋ، ئې، ئى، ي**



## 2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېلىپبە رەت تەرتىپىگە ئاساسەن دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار.

بالا، سۈت، ئانا، قەلەم، دادا، مۇئەللىم، بوۋاق، ئەمەس، يات

## 3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

ئانا تىل:

قەلەم:

ئەمەس:

سۆيـ:



## 4. كىتابىڭ مۇقاۋىسىدا نىمىلەرنى كۆردۈڭلار؟ ئېيتىپ بېرىڭلار.

## 5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، يېزىپ كېلىڭلار.

- بوۋاق
- ئېمىزگە
- مۇئەللىم
- ئۆز
- يات



## تىنىش بەلگىسى

### چېكىت ( . )

بىر ئوي-پىكىر ياكى ھەرىكەت تولۇق ئاياغلاشقاندا چېكىت (.) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

مەن بوۋاق بالا ئەمەس.

بىز كىتاب ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىمىز.

بىز بۈگۈن مەكتەپكە باردۇق.

### 6. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ، مۇۋاپىق يەرلەرگە چېكىت قويۇڭلار.

بۈگۈن ئانام بىلەن بىللە باللار باغچىسىغا بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتۇق ( ) بىز يولدا كېتىۋاتقاندا، بىر مۈشۈكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ( ) بىز قىزىقىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق ( ) ئۇ يەردە بىر ئانا مۈشۈك ۋە بەش كىچىك ئاسلانچاق بار ئىدى ( ) ئاسلانلار يېڭى تۇغۇلغان بولسا كېرەك( ) تولىمۇ كىچىك ۋە ئاجىز كۆرۈنەتتى ( ) ھاۋا سەل سوغۇق بولغاچقا ئۇلار تولاپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ( ) بىز دەرھال ئۆيگە قايتىپ، قاتتىق قەغەز بىلەن مۈشۈكلەرگە ئۆي ياسىدۇق ( )ئۇنى ئېلىپ، بايىقى جايغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە مۈشۈك ۋە ئاسلانلىرى بىر قاچىدىكى سۈتنى ئىچىۋېتىپتۇ ( ) باشقا كىشىلەر ئۇلارغا سۈت ئېلىپ كەلگەن بولسا كېرەك ( ) بىز قەغەز ئۆينى مۇۋاپىق بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىچىگە مېنىڭ بوۋاق ۋاقتىمدا ئىشلەتكەن ياستۇقۇمنى سېلىپ قويدۇق ( ) ئەمدى ئۇلار يۇمشاق يەردە ياتىدۇ ۋە توڭلىمايدۇ، دەپ بەك خۇشال بولدۇم ( )



## 2- دەرس

# دوستۇم

(ھېكايە)



تۇغۇلغان كۈنۈمدە دادام ماڭا بىر سوۋغات ئېلىپ بەردى. ئۇ بىر شاتۇت ئىدى.




شاتۇتنىڭ تۈكلىرى رەڭگارەڭ بولۇپ بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بىز شاتۇتنى بىر قەپەسكە سولاپ قويدۇق. شاتۇتنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ياتىدىغان ئۆيى بار بولدى. مەن شاتۇتنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭغا «شاكىچىك» دەپ ئىسىم قويدۇم. چۈنكى، ئۇ مەندىن خېلىلا كىچىك تۇراتتى.

دادام شاتۇتنىڭ يەنە بىر ئىسمىنىڭ تۇتى قۇش ئىكەنلىكىنى، ئادەملەردەك گەپ قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭغا قايسى گەپنى ئۆگەتسەم، ئۇ شۇ گەپنى قىلالايدىكەن. مەن بۇنى سىناپ باقماقچى بولدۇم. ھەر كۈنى شاكىچىككە «ياخشىمۇسىز!» دەيدىغان بولدۇم. بىر كۈنى ئۇ ماڭا بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ «ياخخشىمۇسسىز!» دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتىم.

مەن ئۇنىڭغا يەنە باشقا گەپلەرنىمۇ ئۆگەتتىم. شۇنىڭ بىلەن، بىز بىر-بىرىمىزگە «خەيرلىك سەھەر!»، «ياخشى چۈش كۆرۈڭ!» دەيدىغان بولدۇق. ئۇ، گەپلەرنى مەندەك توغرا دېيەلمەيدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭ گېپىنى بىلەلەيمەن. ھازىر ئۇنىڭغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالاملىشىشنى ئۆگىتىۋاتىمەن. شاكىچىك بەك ئەقىللىق. ئۇ يەنە بەك جىق گەپلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

## كۆنۈكمە



**1. تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.**

**2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) بالا شاتۇتقا قانداق سۆزلەرنى ئۆگەتتى؟

2) شاتۇتقا نېمىشقا «شاكىچىك» دەپ ئىسىم قويدى؟

3) ئەگەر سىز شاتۇتقا ئىسىم قويسىڭىز، قانداق ئىسىم قوياتتىڭىز؟

4) سىزنىڭچە بالا شاتۇتقا يەنە قانداق سۆزلەرنى ئۆگىتىشى مۇمكىن؟






**3. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا جەدۋەلدىكى سۆزلەرنىڭ ماس ھەرپلىرىنى تەرتىپ بويىچە تولدۇرۇڭلار.**

| بالا | شاتۇت | قەپەس | مۇئەللىم |
|---|---|---|---|

بىر ب...لىغا دادىسى شا...ۇت ئېلىپ بېرىپتۇ. بالا شات...تنى بەك ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. شاتۇتنى قەپە.....گە قويۇپ بېقىپتۇ. بالا شات...تقا گەپ قىلىشنى ئۆگىتىپتۇ. سىلەر دەپ بېقىڭلار. بالا مۇئەل...م بوپتىمۇ؟



**4. بىرسى سىلەرگە تۆۋەندىكى سۆزنى قىلسا، قانداق جاۋاب بېرىسىلەر؟ جاۋابىڭلارنى بوش ئورۇنغا يېزىڭلار.**

| | |
|---|---|
| خەيرلىك سەھەر! | |
| ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! | |
| ياخشىمۇسىز؟ | |
| قانداق ئەھۋالىڭىز؟ | |
| ياخشى چۈش كۆرۈڭ! | |
| خۇدايىمغا ئامانەت! | |

5. يېنىڭلاردىكى ساۋاقداشلار بىلەن سالاملىشىشنى مەشىق قىلىڭلار. مەشىقتىن كېيىن ئۆزۈڭلارنى باھالاڭلار.

| سالاملاشقاندا | ئۆزۈمنى يۇلتۇز بىلەن مۇكاپاتلايمەن. |
|---|---|
| سۆزلەرنى كىتابقا قارىماي دېيەلىدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| سۆزلەرنى توغرا ۋە ئېنىق تەلەپپۇز قىلدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| ئاۋازىمنى ساۋاقدىشىم ئاڭلىيالىدى. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| سالاملىشىش مەشىقىنى قىلغاندا، ساۋاقدىشىمنىڭ يۈزىگە قاراپ سۆزلىدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| ساۋاقدىشىمنىڭ ئىسمىنى بىلىمەن. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |



6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى لۇغەتتىن ئىزدەپ تېپىپ، مەنىسىنى يېزىپ كېلىڭلار.

- رەڭگارەڭ
- قەپەس
- بويۇن
- شاكچىك
- سىناپ باق.





## تىنىش بەلگىسى

تىرناق — ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بەلگىدۇر.

مەسىلەن:

مەمتىلى ئەپەندى (1901-1937) ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن مەكتەپ ئاچقان.

يۇقىرىدىكى جۈملىدە، مەمتىلى ئەپەندى تۇغۇلغان ۋە قۇربان بولغان ۋاقىت ئىزاھلانغان. شۇڭا، تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان.

## 3-دەرس

# قارا-قارا قۇشلارىم ئويۇنى

تۇرسۇن قادىر

«رەقىب»: قارا-قارا قۇشلارىم، ئارقاڭدىكى نېمەلەرىڭ؟

«ئانا»: ئۇششاق-ئۇششاق باللىرىم!

«رەقىب»: ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟

«ئانا»: كۆچۈك يەتسە ئالساڭچۇ!

«رەقىب»: كۆچۈم نەگە كېتىپتۇ؟

«ئانا»: ئالا تاغقا كېتىپتۇ!

«رەقىب»: ئالا تاغدا نېمە بار؟

«ئانا»: ئالىيپشىل قۇشلار بار.

«رەقىب»: ئۇنداق بولسا بارايچۇ،

قۇشتىن بىرنى تۇتايچۇ.



## كۆنۈكمە

1. «قارا-قارا قۇشلارىم» ئىسمىلىك ئويۇن قانداق ئوينىلىدۇ؟ ئېيتىپ بېرىڭلار.

بىر تېكىستتە نېمە ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار تىلغا ئېلىنغان بولسا، تېكىستنىڭ ماۋزۇسى شۇ بولىدۇ.

تېكىستنىڭ ماۋزۇسى «قارا-قارا قۇشلارىم ئويۇنى» دەپ يېزىلغان.

2. سىزنىڭچە بۇ تېكىستنىڭ ماۋزۇسى تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى بولسۇن؟ نېمە ئۈچۈن؟

- قوغلاشماق
- ئانىنىڭ بالىنى قوغداش ئويۇنى
- قۇش تۇتۇش ئويۇنى

### 3. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) بۇ ئويۇننى قانچە بالا ئوينىدى؟

2) «رەقىب» بۇ ئويۇندا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

3) «ئانا»نىڭ بۇ ئويۇندىكى ۋەزىپىسى نېمە؟

4) سىزچە بۇ ئويۇننى سىنىپتا ئويناشقا بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟



## قارشى مەنىلىك سۆزلەر

مەنىسى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەرنى «قارشى مەنىلىك سۆزلەر» دەيمىز.

مەسىلەن: «ئۇزۇن» دېگەن سۆز بىلەن «قىسقا» دېگەن سۆز، «چوڭ» دېگەن سۆز بىلەن «كىچىك» دېگەن سۆز، قارشى مەنىلىك سۆز بولىدۇ.

### 4. تۆۋەندىكى رەسىملەرنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار. قارشى مەنىنى ئىپادىلەيدىغان رەسىملەرنى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار. رەسىمگە ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ، بوش ئورۇنغا يېزىڭلار.

چوڭ    كىچىك    ئاز    كۆپ    تېز    ئاستا    ئۇزۇن    قىسقا













**5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.**

1) ئويۇن:

2) ئالـ:

3) دوست:

4) ياخشى كۆرـ:

**6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، يېزىپ كېلىڭلار.**



- رەقىب
- كۆچ
- ئۈششاق
- ئالىيپىشل
- تۈت -



## تىنىش بەلگىسى

**قوش تىرناق « »**

كۆچۈرمە سۆزلەر ۋە ئەسلىي مەنىسىدە ئىشلىتىلمىگەن سۆزلەر قوش تىرناق (« ») ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن:

بىزنىڭ مەكتەپنىڭ نامى «يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشلانغۇچ مەكتىپى».

مەن «شاكىچىك»كە بەك ئامراق بولۇپ قالدىم.

«قارا-قارا قۇشلارىم» ئويۇندا مەن «رەقىب» بولاي.

7. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇڭلار. تىرناق ئىچىگە، چېكىت (.) ياكى قوش تىرناق («    ») تىنىش بەلگىلىرىدىن مۇۋاپىق دەپ قارىغانلىرىڭلارنى يېزىڭلار.

ئاپام بىلەن دادام مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ( ) مەنمۇ ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرىمەن ( ) بىز بىرلىكتە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزىمىز (   ) ئەتە بىز بىرلىكتە (   ) تەڭرىتاغ (   ) ناملىق رەسىم كۆرگەزمىسىگە بارىمىز (   )

كۆرگەزمىگە مېنىڭ (     ) ۋەتىنىم (     ) ناملىق بىر رەسىممۇ قويۇلىدۇ (     )

مەن رەسىم سىزىشقا بەك ماھىر. شۇڭا دوستلىرىم مېنى ( ) كىچىك غازى ئەھمەت ( ) دەپ چاقىرىشىدۇ.

8. تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ، بۇ ھەققىدە ئويلىغانلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار. ئاندىن تۆۋەندىكى كاتەكچىگە رەسىمگە ماس كېلىدىغان چۈشەندۈرۈشنىڭ نومۇرىنى يېزىڭلار.


(1)


(2)


(3)

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ☐ «مۇقام» ناملىق رەسىم ☐ داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەت ☐

## 4-دەرس

# ئائىلەم

**(ماقالە)**



بىزنىڭ ئۆيدە دادام، ئاپام، سىڭلىم، ئىنىم ۋە مەن بولۇپ، جەمئىي بەش جان بار. دادام ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا كېتىپ، كەچتە قايتىپ كېلىدۇ. بەزىدە دادامنىڭ بەك ھېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. ئاپامنىڭ كۆپ ۋاقتى تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئۆتىدۇ. ئاپام ئەتكەن تاماقلار بەك لەززەتلىك. شۇڭا بىز كەمدىن كەم سىرتلاردا تاماق يەيمىز.

مومام بىلەن بوۋام يىراقتا. سىڭلىم تېخى كىچىك. بىز مەكتەپكە ماڭغاندا، ئۇ چېچىغا بىر جۈپ قىسقۇچنى قىسىۋالغان ھالدا ئىشىككىچە كېلىپ، «خۇدايىمغا ئامانەت!» دەپ بىزنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

ئاپام مېنى «تاتلىق قوزام» دەپ ئەركىلىتىدۇ. ۋەزىپەمنى تولۇق ئورۇندىغان ۋاقتىمدا، دادام «بارىكاللا!» دەپ ماڭا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

مەن ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرىمەن. تېزرەك چوڭ بولۇپ، ئاتا-ئانامغا ياردەم قىلسام دەپ ئويلايمەن.

## كۆنۈكمە



**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) تېكىستتە بالىنىڭ دادىسى نېمە دەپ ئاپىرىن ئوقۇدى؟ نېمىشقا؟

2) بالا نېمىشقا تېزرەك چوڭ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ؟

**2. تېكىستتىن تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە ئوخشايدىغان جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىڭلار. بۇ ئىككى جۈملىدىكى پەرقلىق سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.**

1) بىز ئاندا-ساندا سىرتلاردا تاماق يەيمىز.
2) مومام بىلەن بوۋام ئۇزاقتا.
3) ئۇ «ئاللاھقا ئامانەت!» دەپ بىزنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.
4) ئىنتىكرەك چوڭ بولۇپ، ئاپام-دادامغا ياردەم قىلسام دەپ ئويلايمەن.

**3. تۆۋەندىكى رەسىملەر بىلەن مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**



بەش جان ئادەم



بىر جۈپ ئاياق



ئىككى چىش سامساق



بىر پىيالە چاي



بىر باش پىياز



**4. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تاللاپ، بېرىلگەن جۈملىلەرنى تولۇقلاڭلار.**

| | | |
|---|---|---|
| تال | پاي | باغلام |
| چىش | تۇياق | پىيالە |
| پاي | باش | جۈپ |

ئاپام ماڭا بىر ............................................ پەلەي ئېلىپ بەردى.
بىر ............................................ پالەك قانچە پۇل؟
ماڭا بىر ............................................ چاي بېرەمسىز؟
بىزنىڭ ئۈچ ............................................ قويىمىز بار.
بىر ............................................ ساپما كەشىم سوغا چۈشۈپ كەتتى.
ماڭا ئىككى ............................................ دەپتەر لازىم.

سۈيۈقئاشقا بىر.......................... پىياز بىلەن ئىككى ............................ سامساق ئاقلاپ بېرىڭە.

**5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى لۇغەتتىن تېپىپ، مەنىسىنى يېزىپ كېلىڭلار.**



- تۆگمەس
- لەززەتلىك
- بىلىم
- قىسقۇچ
- كەمدىن كەم



## تىنىش بەلگىسى

### پەش ( ،)

جۈملىدە تەڭداش كەلگەن سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ ئارىسىغا «پەش» قويۇلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىغا پەش ئەمەس «ۋە» يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

سومكامدا قېرىنداش، دەپتەر، كىتاب، ئۆچۈرگۈچ ۋە ئۈچلىغۇچ بار.

بىر ئورماندا توشقان، مايمۇن، زىراپە ۋە تۆلكە ياشايدىكەن.

**6. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى بوش تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىسىنى قويۇڭلار.**

1) بىزنىڭ ئۆيدە دادام ( ) ئاپام ( ) ئاكام ( ) چوڭ ئاپام ۋە مەن بولۇپ جەمئىي بەش جان بار ( )

2) دادام ھەر كۈنى ئىشقا بارىدۇ ( )

3) دادام ( ) ئوغۇزخان ( ) ئىسىملىك مەكتەپتە ئىشلەيدۇ ( )

4) بۇ مەكتەپتە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ( ) ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر بار ( )

5) مەكتەپتە يەنە سىنىپلار ( ) يىغىن زاللىرى ( ) تەنتەربىيە مەيدانى ۋە ئاشخانا بار ( )

6) مەكتەپنىڭ بېغىدا قىزىل ( ) سېرىق ( ) سۆسۈن ( ) ئاق ئېچىلغان گۈللەر بار.

7. تۆۋەندىكى شېئىرنى جاراڭلىق ئوقۇڭلار ۋە يادلاپ كېلىڭلار.

## جېنىم ئانا

پەرھات مەتمىن

(شېئىر)



ئانا، ئانا، جېنىم ئانا،
بىر دەم ئارام ئېلىڭ، ئانا.
ھاردىڭىز بەك، سۆيۈپ ئۆرگىنى،
ماڭا ئەمدى بېرىڭ، ئانا.

ئانا، ئانا، جېنىم ئانا،
بىر دەم ئارام ئېلىڭ، ئانا.
ياق دېمەستىن، ئەمدى مېنى،
ئۆي ئىشىغا سېلىڭ ئانا.

ئانا، ئانا، جېنىم ئانا،
بىر دەم ئارام ئېلىڭ، ئانا.
يۇمشاق ئورۇن سېلىپ قويدۇم،
كېلىپ بىر دەم يېتىڭ، ئانا.

## مەشىق باغچىسى



1. سىلەر قانداق تەبرىكلەش سۆزلىرىنى بىلىسىلەر؟ قانداق ئەھۋاللاردا ئىشلىتىدىغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
2. تۆۋەندىكى تەبرىكنامىنى تەييارلاپ كېلىڭلار.

### تەبرىكلەش ئاتكرىتكىسى (تەبرىكنامە) تەييارلاش

جۇمھۇرىيەت بايرىمىمىز يېتىپ كەلدى. بىر نەچچە ئاتكرىتكا ياساپ، ئاتا-ئانامنىڭ، مۇئەللىمىمنىڭ ۋە دوستلىرىمنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەي.

ھۆرمەتلىك/ قەدىرلىك/ سۆيۈملۈك ........................................ :

جۇمھۇرىيەت بايرىمىڭىزنى تەبرىكلەيمەن. ........................................

.......... ..........................................................................................

ھۆرمەت بىلەن / سىزنى سۆيۈپ/ سىزنى سېغىنىپ : ........................................

2023-يىل 12- نويابىر

### 3. تۆۋەندىكى شېئىرنى جاراڭلىق ئوقۇڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

## مەكتەپ

مەكتەپ قويىنى بەك ئىللىق،
گۈزەل باغقا ئوخشايدۇ.
ئۇستازىم بار مېھرىبان،
ئۆز ئانامغا ئوخشايدۇ.

ساۋاقداشلار تىرىشچان،
ئۈگىنىمىز بىرلىكتە.
كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەيمىز،
ئالغا بېسىپ ئۆملۈكتە.



**4.  تۆۋەندىكى يېڭىلتماقنى يادقا ئېلىپ، راۋان سۆزلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.**

مەن ئىچكەن سۇ مۇشۇ سۇ شۇ.

قاچقان  قۇشقاچ قوش قۇشقاچ،
ئۇچقان قۇشقاچ ئۈچ قۇشقاچ.

**5. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار.**

كۆز ئېچىپ كۆرەلمەيسەن،
قول سۇنۇپ تۇتالمايسەن.
سەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ،
بەش مىنۇت  تۇرالمايسەن.



چېكىت، قوش تىرناق ۋە پەش قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تىنىش بەلگىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

**6. تۆۋەندىكى تېكىستتە بېرىلگەن تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار. (چېكىت، پەش، تىرناق، قوش تىرناق)**

بىز بۈگۈن كۆچەت تىكتۇق (   ) كۆچەتلەرنىڭ ئىچىدە ئالما (   ) نەشپۈت (   ) ئۆرۈك ۋە ئەنجۈر كۆچىتى بار ئىدى (   ) بىر تۈپ ئەنجۈر كۆچىتىگە (   ) بىزنىڭ ئاتۇش (   ) دەپ ئات قويدۇم. چۈنكى ئاتۇش (   ) مەمتىلى ئەپەندى (   ) 1901 – 1937 (   ) مەكتەپ سالغان جاي ئىكەن. مەن مەكتەپ سالسام (   ) مەمتىلى ئەپەندى مەكتىپى (   ) دەپ ئىسىم قويىمەن.

## ئىككىنچى بۆلەك

# پەم ـ پاراسەت

دەرسكە تەييارلىق

- بىر مەسىلىگە بولغان كۆز قارىشىڭلارنى قانداق ئىپادىلەيسىلەر؟
- دەرسكە كىچىكىپ قالغان ۋاقىتىڭلار بولدىمۇ؟ نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭلار؟

## 5-دەرس

## ئۆزۈمنى سايلايمەن

(ھېكايە)



ئەركىن سىنىپ باشلىقىمىز ئىدى. ئالدىنقى كۈنى ئۇ باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتتى.

بۈگۈن مۇئەللىم يېڭىدىن سىنىپ باشلىقى سايلاشنى ئۇقتۇردى. كىمنى سايلاش كېرەك؟ سىنىپ ئىچى جىمىپ كەتتى. ساۋاقداشلار بىر-بىرىگە قاراشتى. مۇئەللىم، ئاۋاز بېرىپ سايلام قىلىش ئۇچۇن ئەڭ ئاز ئىككى كىشىنىڭ نامزات بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

جۇرئەت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ مەن نامزات بولىمەن ۋە ئۆزۈمنى سايلايمەن، ــ دېدى.

ھەممەيلەن ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا تىكىلدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— جۈرئەت، ئېيتقىنا، سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى سايلايسىز؟ — دەپ سورىدى.

جۈرئەت:

— مەن ئەركىن بىلەن يېقىن دوست. ئۇ تازىلىقنى، ئەمگەكنى سۆيەتتى، ساۋاقداشلارغا كۆيۈنەتتى. مەنمۇ ئەمگەكنى سۆيىمەن، ساۋاقداشلىرىمغا كۆيۈنىمەن، — دېدى.

جۈرئەتنىڭ سۆزى ئاياغلىششى بىلەن تەڭ، قىزغىن چاۋاك چېلىندى. مۇئەللىم:

— جاسارىتىڭىزگە بارىكاللا! نامزات بولۇشنى خالايدىغان يەنە بىر ساۋاقداش قول كۆتۈرسۇن، — دېدى.

چوغلۇق قول كۆتۈردى. مۇئەللىم ئۇنىڭغىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— سىز نېمىشقا سىنىپ باشلىقى بولماقچى؟ — دەپ سورىدى. چوغلۇق جاراڭلىق ئاۋازدا:

— مەن ساۋاقداشلىرىمنى ياخشى تەشكىللىيەلەيمەن. مەسىلەن: ئالدىنقى ھەپتە مۇزېيغا بارغاندا مۇئەللىمگە ياردەملىشىپ، ساۋاقداشلارنىڭ چېچىلىپ كەتمەي بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدىم. ئارقىدا سۆرىلىپ قالغان ساۋاقداشلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، كۆپچىلىككە يېتىشتۇردۇم، — دېدى.

مۇئەللىم:

— ياخشى، ئۇنداق بولسا قايسى ساۋاقدىشىڭلارغا ئاۋاز بەرمەكچى بولساڭلار بۇ قەغەزگە شۇنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ قاتلاپ، بۇ قۇتىغا سالىسلەر، — دەپ، بىزگە كىچىك قەغەز (بېلەت) تارقىتىپ بەردى.

## كۆنۈكمە



1. تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) كىملەر ئۆزىنى نامزات كۆرسەتتى؟

2) چوغلۇق مۇزېيغا بارغاندا نېمە قىلدى؟

3) سىلەر قانداق مۇزېيلارنى بىلىسىلەر؟

4) ۋەتىنىمىزدە قانداق مۇزېيلارنىڭ بولۇشىنى خالايسىلەر؟

3. تۆۋەندىكى بىرىكمىلەر بىلەن مۇۋاپىق كېلىدىغان رەسىمنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

قول كۆتۈرمەك

بېلەت تاشلىماق







4. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىلىرى «ئۆزۈمنى سايلايمەن» دېگەن تېكىست بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟

1) باللارنىڭ ئىسمى ئەركىن ۋە نەفىسە.

2) مۇئەللىم سىنىپ باشلىقىنى ئۆزى سايلاپ قويىدى.

3) چوغلۇقمۇ نامزات بولدى.

4) جۈرئەت يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى.

5) ئەركىن ئائىلىسى بىلەن بىللە كۆچۈپ كەتتى.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرەز قىلىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىن تېپىڭلار.

| سۆزلەر | پەرىزىم | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| ساۋاقداش | | |
| قەغەز | | |
| نامزات | | |
| سىنىپ | | |
| كۆلۈمسىرە - | | |

## 6-دەرس

# بىر مىنۇت

### (ھېكايە)



سائەت جىرىڭلىدى. ئەلى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ: «بىر مىنۇت يېتىۋالاي، بىر مىنۇتتا مەكتەپكە كېچىكىپ قالماسمەن» دېدى-دە، سوزۇلۇپ ياتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزىنى يۇدى. ناشتا قىلىپ بولۇپ، سومكىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭدى. ئۇ تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، پىيادىلەر يولىنىڭ يېشىل چىرىغى ئۆچۈپ، قىزىل چىرىغى يېنىپ قالدى. «ھەي، بىر مىنۇت بالدۇر كەلسەم بوپتىكەن» دېدى ئۇ ئۆزىگە ئاچچىقلاپ.

ئۇ يېشىل چىراغنىڭ يېنىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. يېشىل چىراغ ياندى. ئۇ يولدىن ئۆتۈپ، بېكەتتە توختىغان ئاپتوبۇسقا قاراپ يۈگۈردى. بېكەتكە يېتىپ باراي دېگەندە، ئاپتوبۇس مېڭىپ كەتتى. «ھەي، بىر مىنۇت بالدۇر ماڭغان بولسامچۇ!» دېدى ئۇ قاتتىق ئېچىنىپ.

ئۇ تېخىمۇ تىت-تىت بولۇپ، كېيىنكى ئاپتوبۇسنى ساقلاپ تۇردى. بىر مىنۇت، ئىككى مىنۇت ... ۋاقىت ئۆتمەكتە، لېكىن قىرىشقاندەك ئاپتوبۇسنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەلى مەكتەپكە قاراپ ئۆچقاندەك يۈگۈردى.

مەكتەپكە كەلگەندە دەرس باشلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇ قورۇنغان هالدا سىنىپنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئەلى سىنىپقا كىرىپلا قىزىرىپ كەتتى. مۇئەللىم قولىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ:

— ئەلى، توپتوغرا يىگىرمە مىنۇت كېچىكتىڭىز، — دېدى، ئاندىن ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى.

ئەلى ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى. ئىچىدە: «بىر مىنۇت ... هەي، بىر مىنۇت ...» دەپ تەكرارلايتتى.

## كۆنۈكمە



1. تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار. ۋەقەلىكنىڭ هەربىر هالقىسىنى چۈشۈرۈپ قويماي، رەت تەرتىپى بويىچە سۆزلەشكە ئەهمىيەت بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) ئەلى نېمىشقا دەرسكە كېچىكىپ قالدى؟

2) ئەلى سىنىپقا كىرگەندە، نېمىشقا يۈزى قىزىرىپ كەتتى؟

3) ئەلىنى بىر سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، قايسى سۆز ئەڭ مۇۋاپىق؟

ئېگىز پاكار ئورۇق ئېرىنچەك كۆلگۈنچەك

4) بۇ هېكايىنى سىز يازغان بولسىڭىز، ماۋزۇسىنى نېمە دەپ قويايتتىڭىز؟



2. تۆۋەندىكى ئۈلگە جۈملىگە ئوخشاش جۈملە تۈزۈڭلار.

1) ئۈلگە جۈملە: بىر مىنۇت يېتىۋالاي، بىر مىنۇتقا مەكتەپكە كېچىكىپ قالماسمەن.

يېرىم سائەت ۋاقتىم بار ئىكەن، كىتابىمنى ئوقۇۋالاي.

مېنىڭ جۈملەم:

ئازراق ئۇخلا-

سۇ ئىچ-

ماشىنىغا چىق-

چاپىنىمنى كىي-

قولۇمنى يۇ-

2) ئۈلگە جۈملە: پىيادىلەر يولىنىڭ يېشىل چىرىغى ئۆچۈپ، قىزىل چىرىغى يېنىپ قالدى.

تونۇگۈن بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدىم.

مېنىڭ جۈملەم:

تۈگەپ قال-

بىلىپ قال-

ئۆچۈپ قال-

قۇرۇپ قال-

كۆرۈپ قال-

چىقىپ قال-

تونۇپ قال-

### 4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| سۆزلەر | پەرزىم | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| تاقەتسىز | | |
| تىت-تىت بول- | | |
| قېرىشقاندەك | | |
| تەكرار | | |
| ناشتا | | |



## تىنىش بەلگىسى

### سوئال بەلگىسى ( ؟ )

ئوي-پىكىر سوراق تەرزدە ئىپادىلەنگەن بولسا، سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

— سائەت قانچە بولدى؟

— سائەت نەچچە بولدى؟

— بۇ كىتاب قانچە بەت؟

## 7– دەرس

# ئاچچىق ۋە تاتلىق

(مەسەل)

بىر كۈنى تۈلكە ئۈزۈم بارىڭىغا كىلىپ قاپتۇ. ياقۇتتەك چاقناپ تۇرغان ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىغىزىغا سىرىق سۇ يىغىلىپتۇ. ئۇ شۆلگەيلىرىنى ئىقتىقىنىچە:

– بىر ساپاق ئۈزۈم يەۋالسام، قانداق ياخشى بولاتتى ھە! – دەپتۇ-دە، ئۈزۈملەرگە قولىنى سوزۇپ سەكرەپتۇ. باراڭ ئىگىز بولغاچقا، ئۇ ھەر قانچە سەكرىسىمۇ قولى يەتمەپتۇ. ئاخىرى: «بۇنداق پىشمىغان ئۈزۈملەرنى يەپ نىمە قىلاي» دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بىرىپتۇ.



دەرەخ ئۈستىدىكى تىيىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «تۈلكە بەك ئەقىللىق، قارىغاندا بۇ ئۈزۈملەر راستلا ئاچچىق ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

تىيىن تۈلكىنىڭ ئېيتقانلىرىنى توشقانغا دەپتۇ. توشقان بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «بۇ ئۈزۈملەرنى يېيىشكە بولمايدىكەن-دە» دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ چاغدا مايمۇن كەپتۇ-دە، باراڭغا چاققانلىق بىلەن يامىشىپ چىقىپ، ئۈزۈم يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن توشقان ئالدىراپ:

— بۇ ئۈزۈملەر بەك ئاچچىق! – دەپ ۋارقىراپتۇ.

مايمۇن كۈلۈمسىرىگەن هالدا:

— سەن يەپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. توشقان بېشىنى چايقاپ:

— ياق، بىراق تىيىن بەك ئاچچىق دېگەنىدى، — دەپتۇ.

مايمۇن:

— تىيىن، سەن تېتىپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تېتىپ باقمىدىم، تۈلكە شۇنداق دېگەنىدى، — دەپتۇ تىيىن.

مايمۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ هۇزۇرلىنىپ ئۈزۈم يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن تىيىن بىلەن توشقان ئۈزۈمنى تېتىپ بېقىپتۇ ۋە «پاه! نېمىدېگەن تاتلىق-هە!» دېيىشىپتۇ. تىيىن بىلەن توشقان تۈلكىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ئۈزۈملەرنى ئاچچىق دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمەپتۇ.

## كۆنۈكمە



1. تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) تۈلكە ئۈزۈمنى نېمىشقا «پىشمىغان ئۈزۈم» دېدى؟

2) تىيىن بىلەن توشقان نېمىشقا ئۈزۈملەرنى ئاچچىق دەپ ئويلاپ قالدى؟

3) تىيىن ئۈزۈمنى تېتىپ كۆرۈپ، نېمە دېدى؟

4) توشقان ئۈزۈمنى تېتىپ كۆرمىگەن بولسا، ئاچچىق ياكى تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەمتى؟

3. تۆۋەندىكى رەسىملەردىن «ئاچچىق ۋە تاتلىق» ماۋزۇلۇق تېكىستكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاڭلار.









## مەنداش سۆزلەر

مەنىسى ئوخشاش ياكى يېقىن سۆزلەر – **مەنداش سۆزلەر** دېيىلىدۇ.

**مەسلەن:**






4. تېكىستتىكى مەنداش سۆزلەرنى ئوڭ تەرەپتىكى كاتەكچىگە، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى سول تەرەپتىكى كاتەكچىگە يېزىڭلار.

| قارشى مەنىلىك سۆزلەر | مەنىداش سۆزلەر |
|---|---|
| | |

5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| لۇغەتتىكى مەنىسى | پەرىزىم | سۆزلەر |
|---|---|---|
| | | تەسەللى بەر- |
| | | باراڭ |
| | | بېشىنى چايقا- |
| | | تېتىپ باق- |
| | | چۆشەن- |

## 8-دەرس

# ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىڭنى قىل

### (چۆچەك)



بىر بوۋاي بالىسى بىلەن ئېشەككە مىنىپ، بازارغا چىققان ئىكەن. كىشىلەر:

— قاراڭلار خالايىق، بىر ئېشەككە ئىككىسىنىڭ مىنىۋالغىنىنى، بىچارە ئېشەككە ئىچىمۇ ئاغرىماپتۇ! — دېيىشىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بوۋاي بالىسىنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈۋېلىپ، ئەگىشىپ مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— چوپچوڭ ئادەم ئېشەككە مىنىۋېلىپ، كىچىك بالىسىنى پىيادە قويۇپتۇ، شۇمۇ ئىشمۇ! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەنلەر:

—ھەي بوۋاي، سىز ياشتا چوڭ تۇرۇپ پىيادە مېڭىپ، ئوغلىڭىزنى ئېشەككە مىندۈرۈپ قويسىڭىز يارىشامدۇ؟—دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي بىلەن ئوغلى ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ ئارقىدىن مېڭىشىپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كىشىلەر:

—يائاللا، نېمانداق گالۋاڭ بوۋاي بۇ! ئېشەك دېگەن مىنىدىغان نەرسە تۇرسا، مىنىۋالماي ياياق كېتىۋاتقىنىنى! – دەپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوۋاي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بالىسىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

— دادا، خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلمايلىمۇ! – دەپتۇ بالىسى.

## كۆنۈكمە



**1. تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.**

**2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) چۆچەكتە كىملەر بار؟

2) ئوغلى بوۋايغا نېمە دېدى؟

3) كىشلەر نېمىشقا بوۋاينىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى خاتا دەپ قاراپ تەنقىدلەيدۇ؟

4) سىز بوۋاينىڭ ئورنىدا بولغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟



**3. تۆۋەندىكى بىرىكمىلەرنىڭ مەنىسى جەدۋەلدە بېرىلگەنلەردىن قايسىسى بولۇشى مۇمكىن؟**

**ئىچى ئاغرىماق**

| | | |
|---|---|---|
| قورسىقى ئاغرىماق | كۆيۈنمەك، ھېداشلىق قىلماق، ھېس قىلماق | يىغلىماق |

**شۇمۇ ئىشمۇ؟**

| | | |
|---|---|---|
| نېمە ئىش قىلىسىز؟ | خىزمىتىڭىز بارمۇ؟ | بۇ ئىشنى توغرا قىلماپسىز |

**ئوغلىڭىزنى ئېشەككە مىندۈرۈپ قويسىڭىز يارىشامدۇ؟**

| | | |
|---|---|---|
| توغرا بولامدۇ؟ | ئېشەك بىلەن چىقىشالامدۇ؟ (دوست بولالامدۇ) | ئوغلىڭىزغا بۇ ئېشەك، چوڭ-كىچىكلىكى جەھەتتىن مۇۋاپىقمۇ؟ |

**مىنۇۋالماي ياياق كېتىۋاتقىنىنى!**

| | | |
|---|---|---|
| مىنۇۋبىلىك | مىنۇۋالماك | ياياق كېتىۋېرىك |

**ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلمايلىمۇ!**

| | | |
|---|---|---|
| ئۆزىمىز قارار بەرمەيلى | قانداق قىلساق بولار | ئۆزىمىز قارار بېرەيلى |



**4. تۆۋەندىكى رەسىمنى كۆزىتىپ، پەرقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. قايسى رەسىمدىكى سۆزلەش شەكلى توغرا؟ نېمە ئۈچۈن؟**





**5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| سۆزلەر | پەرزىم | لۇغەتتىكى مەنىسى |
|---|---|---|
| بىچارە | | |
| كىشلەر | | |
| ئوغۇل | | |
| چوپچوك | | |
| گالۋاك | | |

## تىنىش بەلگىسى



### ئۈندەش بەلگىسى (!)

هاياجان، بۇيرۇق ياكى قاراتما مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

- خۇش كەلدىڭىز!
- بارىكاللا، تېز يۈگۈرۈڭ!
- بالام! خۇدايىمغا ئامانەت!

## مەشىق باغچىسى



1. بىر كۈنلۈك پائالىيىتىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى تېكىستنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئىملانىڭ توغرا، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭلار.

مەن ئەتىگەندە ئورۇنلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن مەكتەپكە كېتىمەن. مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە، نەرسە-كېرەكلىرىمنى قالايمىقان تاشلىمايمەن. ھەممىسىنى ئۆز ئورنىغا رەتلىك قويىمەن. قولۇمنى پاكىز يۇيۇپ، تامىقىمنى يەيمەن. كېيىن كىتاب ئوقۇيمەن، دەرس تەكرارلايمەن ياكى تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن. سىزچۇ؟ سىزمۇ ماڭا ئوخشاش رەتلىك بالىمۇ؟



3. ئۆيدە نېمە ئىشلارنى قىلىسىلەر؟ ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن ئورتاقلىشىڭلار. سۆزلىگەن ۋاقتتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىمىز.

1) سۆزلىگەندە، ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆزىگە قارايمىز.

2) ئاۋازىمىزنى ھەممەيلەن ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە چىقىرىمىز، ئەمما ۋارقىرىمايمىز.

3) سۆزىمىزنىڭ تېمىسى ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلار بولغاچقا، پەقەتلا مۇشۇ ھەقتە سۆزلەيمىز. تېما بىلەن مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلمايمىز.

4) سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىمىز.

5) يېڭى ئۆگەنگەن سۆزلەرنى مۇۋاپىق جايلاردا ئىشلىتىمىز.

6) سۆزلىگەندە، بەدەن تىلىمىزنى قوللىنىمىز.

- بەدەن تىلى — سۆزلەش جەريانىدا قول، مۈرە، باش قاتارلىق ئەزالىرىمىز ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ھېس-تۇيغۇ ۋە پىكىرلىرىمىزدۇر.

### 4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| پائالىيىتىم | شۇنداق | ياق |
|---|---|---|
| نەرسە-كېرەكلىرىمنى رەتلىك تۇتىمەن. | | |
| تاشقىرىدىن كىرگەندە ۋە تاماقتىن بۇرۇن قولۇمنى پاكىز يۇيىمەن. | | |
| ئۆيدە بەزى ئىشلارنى قىلىمەن. | | |



### 5. «قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق» دېگەن ماقال-تەمسىل قايسى تېكستكە ماس كېلىدۇ؟ بۇ ماقالنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

### 6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىللىق:

مېھرىبان:

تىرىشچان:

ئۆرلەش:

ئالغا بېسىش:

ئۆملۈك:

### 7. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، سائەتنىڭ ۋە مىنۇتنىڭ ئورنىنى بىلىۋالايلى.



**8. تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى مۇۋاپىق رەسىم بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.**

- سائەت تۆت يېرىم بولدى.
- سائەت دەل ئون ئىككى بولدى.
- سائەت يەتتىدىن چارەك ئۆتتى.
- سائەت يەتتىدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتتى.







**9. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، تىرناق ئىچىگە چېكىت (.) ياكى سوئال بەلگىسى (؟) قويۇڭلار.**



ئەركىن ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇردۇ ( )

سىز سائەت نەچچىدە ئۇخلايسىز ( )

بۇ مېنىڭ كىتابىممۇ ( )

بىز نېمىشقا نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى رەتلىك تۇتمايمىز ( )

تالادىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، چوقۇم قولىمىزنى يۇيايلى ( )

**10. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىڭلار.**

ئاغزى بار،
جىنى يوق.
قۇيرۇقى بار،
يۇڭى يوق.
يۈگۈردۇ ئاق يەردە،
قالدۇردۇ قارا ئىز.

(قەلەم)

بارمۇ، يوقمۇ، ئۇنى ئېنىق كۆرمەيسەن،
ئۇ يوق يەردە زادى ئۆمۈر سۈرمەيسەن.

(ھاۋا)

# سۈيۈملۈك ۋەتىنىمىز

**دەرسكە تەييارلىق**

- شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟
- ۋەتىنىمىزدە قايسى تاغلار بار؟



# 9 –دەرس

## ۋەتەن ئانىمىز

**ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر**

(شېئىر)




ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز،
ۋەتەن شەرەپ-شانىمىز.
ۋەتەن ئۈچۈن ھەرقاچان،
پىدا بىزنىڭ جانىمىز.

شەرقىي تۈركىستانىمىز،
گۈزەل گۈلىستانىمىز.
ئەرك ئۈچۈن يۈرەكتە،
قاينار قىزىل قانىمىز.

ئازادلىق دەپ ماڭىمىز،
سېنىڭ باسقان ئىزىڭدىن.
سالام ساڭا ۋەتىنىم،
باتۇر ئوغۇل، قىزىڭدىن.

## كۆنۈكمە

1. جەدۋەلدە بېرىلگەن مەنداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| چىرايلىق | ئەرك |
| قەيسەر | ئانا |
| ھۆر | گۈزەل |
| ئاپا | باتۇر |



**2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۈركىستان | تەرەپنى | كۆك | شەرقىي تۈركىستان |

1) ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمى شەرقىي ............................................................ .

2) بايرىقىمىز ئاي يۇلتۇزلۇق .................................. بايراق.

3) ۋەتىنىمىز، تۈركىستان رايونىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئىسمى ........... ............................ دەپ ئاتالغان.

4) كۈن چىقىش تەرەپنى «شەرق» دەيمىز. كۈن پېتىش .................................. «غەرب» دەيمىز.



**3. شېئىرنى قايتا ئوقۇپ، تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| كۇپلېت | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
|---|---|---|
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |

**4. تۆۋەندىكى بايراق رەسىملىرى بىلەن دۆلەت ئىسىملىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**






**شەرقىي تۈركىستان　　　قازاقىستان　　　قىرغىزستان　　　ئۆزبېكىستان**

**5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈپ كېلىڭلار.**



- ۋەتەن
- گۈلىستان
- ئەرك
- يۈرەك
- پىدا قىلـ

## تىنىش بەلگىسى



### ئۇزۇن سىزىق (—)

**ئۇزۇن سىزىق:**

1) بىر ئوقۇمنى ئىزاھلاپ كەلگەن سۆزلەردىن بۇرۇن قويۇلىدۇ. مەسىلەن: شەرقىي تۈركىستان — بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز.

2) دىيالوگلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

— تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئىشلىدىم. كۆرۈپ باقامسىز مۇئەللىم؟

— بارىكاللا سىزگە، ھەممىسىنى توغرا ئىشلەپسىز. خەتلىرىڭىزمۇ بەك رەتلىك يېزىپسىز.

— رەھمەت مۇئەللىم!

6. تۆۋەندىكى تېكستنى ئوقۇپ، تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار.



(چېكىت، پەش، ئۈزۈن سىزىق)

قازاقستان ( ) بىزنىڭ قوشنىلىرىمىزدىن بىرى ( ) ھىندىستانمۇ خۇددى قازاقستانغا ئوخشاشلا بىزنىڭ قوشنىمىز ( ) قازاقستاندا ۋە تۈركىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى خېلى كۆپ ( ) بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز ( ) شەرقىي تۈركىستاندۇر ( ) ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان نۇرغۇن يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىغا ئىگە ( )

7. «ۋەتىنىمىز» دېگەن تېمىدا پارتىدىشىڭلار بىلەن بىرلىكتە بىر دىيالوگ يېزىپ تەييارلاڭلار. تەييارلانغان دىيالوگدا تىنىش بەلگىلىرى مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەن بولسۇن. دىيالوگنى پارتىدىشىڭلار بىلەن بىرلىكتە، سىنىپتا ساۋاقداشلىرىڭلارغا ئوقۇپ بېرىڭلار.



8. تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار.

1) ئۈرۈمچى (   ) ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى (   )

2) لۇتپۇللا مۇتەللىپ (   ) ھەم شائىر ھەم ئىنقىلابچى (   )

3) شەرقىي تۈركىستان (   ) بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز (   )

4) مەن (   ) ئوقۇغۇچى(   )

## 10-دەرس

# بىزنىڭ مەھەللە

(بايان ماقالىسى)



ئۇيغۇر مەھەللىسى — تۇرپان سىڭگىم

مەن دائىم مەكتەپتىن قايتقىنىمدا، كىچىك بازاردىن ئۆتۈپ، يولنىڭ چېتى بىلەن ئۆيگە قاراپ ماڭىمەن. بۇ يول دەل-دەرەخلەر ئارقىلىق مەھەللىمىزگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەر ئايئاق ئاقارتىلغان. يولنىڭ سول تەرىپىدە بىر باللار باغچىسى بار. ئۇنىڭدا سىيرىلغۇچ، لىڭگىرتاقتاق، ئىلەڭگۈچ، سەگەنچۈك، تىرمانغۇچ قاتارلىق ئەسلىھەلەر بار. مەن بۇ باغچىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. مەھەللىمىزنىڭ ئايغى دەرياغا تۇتىشىدۇ. ھەر كۈنى سەھەردە مەكتەپكە ماڭغاندا، بۇ باغچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىمەن.

ھەپتە ئاخىرى مەھەللىمىز بولەكچىلا جانلىنىپ كېتىدۇ. باغچىدا توپ-توپ باللار بىللە ئوينايدۇ. قۇشقاچ باللىرىدەك چۇۋۇرلىشىپ، كېپىكتەك سەكرىشىپ ئويناۋاتقان باللار بىلەن مەھەللىمىز كۆڭۈللۈك باللار دۇنياسىغا ئايلىنىدۇ. بىز ئوينىغان «ياغلىق تاشلاش»، «ئاق تاش، كۆك تاش»، «قارا-قارا قۇشلىرىم»، «ۋاللەي»، «مۆكۈشمەك» قاتارلىق ئويۇنلار باغچىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرىۋېتىدۇ.

مەن مەھەللىمىزگە بەك ئامراق. مەھەللىمىزنىڭ داۋاملىق مۇشۇنداق شاد-خۇرام بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستكە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) بالىنىڭ مەكتىپدىن مەھەللىسىگىچە بولغان يولدا نېمىلەر بار؟
2) بالىلار باغچىسىدا نېمىلەر بار؟
3) بالىلار قايسى ئويۇنلارنى ئوينايدۇ؟ سىز بۇ ئويۇنلاردىن قايسىلىرىنى ئويناپ باققان؟
4) سىز مەھەللىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز؟

## 2. تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى رەسىم بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.

(1) كىشىلەر تەرىپىدىن چېپىلغان، دەريادىن كىچىك، ئېرىقتىن چوڭ سۇ ئېقىمى.

(2) ئائىلىلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون.

(3) بايراق ئېسىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياكى تۆمۈر، قەلەي دېگەندەك ماتېرىياللاردىن ياسىلىدىغان، ئاستى توم، ئۈستىگە چىققانسېرى ئىنچىكىلەيدىغان خادا.

(4) كىشىلەر سودا-سېتىق قىلىدىغان مەخسۇس جاي.



مەھەللە ( )



بازار ( )



ئۆستەڭ ( )



موما (موما ياغاچ) ( )

### 3. «مەھەللە»، «بىز» دېگەن ئىككى سۆزنى تۆۋەندىكى تېپىشماقلىق جەدۋەلدىن تېپىڭلار.

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | ب | د | ر | ز | م | غ | ى | ك |
| ب | ئى | م | ئە | ھ | ە | ل | ل | ە |
| د | ز | ئى | پ | ي | ن | ق | چ | ف |
| ل | ج | م | ت | ھ | ب | غ | ۋ | غ |

### 4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، يېزىپ كېلىڭلار.



- بەزىدە
- چوڭ
- قاپقارا
- يوق
- ئۆچ.



## تىنىش بەلگىسى:

### سىزىقچە (-)

سىزىقچە — سىزىقتىن قىسقا بولغان تىنىش بەلگىسىدۇر. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: دەل-دەرەخلەر، توپ-توپ باللار.

### 5.تۆۋەندىكى بوش تىرناقلارنىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىسىنى قويۇڭلار.

(چېكىت، پەش، سىزىقچە)

چۈشتە مەھەللىمىز بۆلەكچىلا جانلىنىپ كېتىدۇ ( ) مەكتەپتىن قايتقان توپ ( ) توپ باللار ئۆيلىرىگە تارايدۇ ( ) ئۇلار قۇشقاچ باللىرىدەك چۇۋۇرلىشىپ ( ) كېيىكتەك سەكرىشىپ ئۆتكەندە ( ) مەھەللىمىز كۆڭۈللۈك باللار دۇنياسىغا ئايلىنىدۇ ( ) مەن مەھەللەمگە بەك ئامراق ( ) مەھەللەمنىڭ داۋاملىق مۇشۇنداق شاد ( ) خۇرام بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن ( )

## 11- دەرس

# ئۈرۈمچى

## (چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)



ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چوڭ بازار

ئۈرۈمچى ــ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پايتەختى. شۇنداقلا مەدەنىيەت، سىياسەت ۋە سودا مەركىزى. ئۈرۈمچىدە تىياتىرخانا، پەن-تېخنىكا سارىيى، تەنتەربىيە سارىيى، مۇزېي، دۆڭكۆۋرۈك خەلقئارالىق چوڭ بازىرى ۋە مىللىي تېبابەت دوختۇرخانىسى قاتارلىق داڭلىق جايلار بار.

ئۈرۈمچىدە يەنە باللار باغچىسى، سۇ ئۈستى باغچىسى، هايۋانات باغچىسى ۋە ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى قاتارلىقلار بار بولۇپ، دەم ئېلىش ۋە بايرام كۈنلىرى باغچىلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ.

يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار كەتكەن دەل-دەرەخلەر ۋە رەڭگارەڭ گۈللەر، قىش پەسلىدە ياغىدىغان ئاپئاق ۋە قېلىن قارلار، ئۈرۈمچىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ.

«ئۈرۈمچى» دېگەن سۆزنى بەزىلەر «گۈزەل يايلاق» دېگەن مەنىدە دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۈرۈمچى ــ دۇنيا بويىچە دېڭىز-ئوكياندىن ئەڭ يىراق شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كۆپ خىل يەر ئاستى بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆمۈر زاپىسى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، «كۆمۈرلۈك ئۈستىدىكى شەھەر» دېگەن نامى بار. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىمۋولى ــ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىزىلتاغ. بۇ تاغ قىپقىزىل تاشلىق تاغ بولغاچقا، «قىزىلتاغ» دەپ ئاتالغان.

## كۆنۈكمە



**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) ئۈرۈمچىدە قانداق داڭلىق جايلار بار؟

2) ئۈرۈمچى نېمىشقا «كۆمۈرلۈك ئۈستىدىكى شەھەر» دەپ ئاتىلىدۇ؟

3) سىزچە ئۈرۈمچىدىكى مۇزېيدا نېمىلەر بولۇشى مۇمكىن؟

4) ئەگەر سىز ئۈرۈمچىدە بىر مۇزېي قۇرسىڭىز ئىچىگە نېمىلەرنى قويغان بولاتتىڭىز؟



**2. تېكىستتىكى ئىچىدە سىزىق بار جۈملىلەرنى تېپىڭلار ۋە ئوقۇپ بېرىڭلار.**

**3. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە، تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرسى بولغان سىزىقنى قايسى سۆزدىن كېيىن قويىمىز؟**

1) قەشقەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمىي شەھىرى.

2) تۇرپان ئۈزۈمى بىلەن مەشھۇر.

3) ئانا تىلىم ئۇيغۇر تىلىدۇر.

4) ئانا ۋەتىنىمنىڭ ئىسمى شەرقىي تۈركىستان.

**4. بوش ئورۇنغا تۆۋەندە تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

1) ئۈرۈمچى — دۇنيا بويىچە دېڭىز-ئوكياندىن ئەڭ ...................... شەھەر ھېسابلىنىدۇ. (يىراق، يېقىن)

2) ئۈرۈمچىدە كۆمۈر زاپىسى ناھايىتى ...................... (كۆپ، ئاز)

3) ئۈرۈمچىنىڭ «كۆمۈرلۈك ...................... شەھەر» دېگەن نامى بار. (ئاستىدىكى، ئۈستىدىكى)

4) ئۈرۈمچىدە ھەيۋەت بىلەن ...................... تۇرغان قىزىلتاغ، قىپقىزىل تاشلىق تاغ بولغاچقا، «قىزىلتاغ» دەپ ئاتالغان. (قەد كۆتۈرۈپ، ماراپ)

**5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى لۇغەتتىن تېپىپ، مەنىسىنى يېزىپ كېلىڭلار.**

- تىياتىرخانا
- باغچە
- كۆمۈر
- پايتەخت
- بايلىق



# ئىدىقۇتنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسى

## (خاتىرە)



2022- يىلى 3- ئاينىڭ 18-كۈنى، جۈمە، ھاۋا ئوچۇق.

مەكتىپىمىزدە «خالىس ياردەم قىلىش» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. باللار بەس-بەستە كىيىم-كېچەك، كىتاب-ژۇرناللارنى ئىئانە قىلدى. مەنمۇ كىچىك كېلىپ قالغان ۋە پاكىز ساقلىغان كىيىملىرىمنى، ئوقۇپ بولغان كىتابلىرىمنى، يەنە ئۆزۈن ۋاقىتتىن بۇيان يىغىپ كەلگەن ئەللىك سوم پۇلۇمنى مۇئەللىمگە تەڭلىدىم.

— بۇ پۇلنى نەدىن تاپتىڭىز؟ — دېدى مۇئەللىم.

— خىراجەتلىرىمنى تېجەپ يىغقان ئىدىم، — دېدىم.

ساۋاقداشلىرىم قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. مەن ئۆزۈمدىن پەخىرلەندىم.

بوۋا! شۇ تاپتا سىز ماڭا رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقانىدەك بىلىندىڭىز. چۈنكى، تېجەشلىك بولۇشنى ۋە پۇلنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى سىز ئۆگەتكەن ئىدىڭىز.

# كۆنۈكمە



**1. تېكىستكە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) ئىدىقۇت كۆندىلىك خاتىرىسىگە قايسى پائالىيەتنى يازدى؟

2) بوۋىسى ئىدىقۇتقا نېمىنى ئۆگەتتى؟

3) ئىدىقۇت نېمە ئۈچۈن بوۋىسى ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەك ھېس قىلدى؟

4) «يۇرتۇمغا سۆيگۈ» ئىسىملىك بىر پائالىيەت ئېلىپ بېرىلسا، نېمە ئەۋەتكەن بولاتتىڭىز؟ نېمىشقا؟



**2. «ئىدىقۇتنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسى» ناملىق تېكىستنىڭ ماۋزۇسىنى پەرقلىق قىلىپ، يېڭىدىن يېزىشقا توغرا كەلسە، قانداق يازىمىز؟**

**3. تۆۋەندىكى بوش تىرناقلارنىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار.**

**(سىزىقچە، پەش، چېكىت، قوش تىرناق، سىزىق)**

2023 ( ) يىلى 4 ( ) ئاينىڭ 8 ( ) كۈنى ( ) جۈمە ( ) ھاۋا يامغۇرلۇق ( )

بۈگۈن مۇئەللىم بىزنى ( ) قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى ( )غا زىيارەتكە ئېلىپ باردى ( ) قەبرىستانلىقتا ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى ( ) قەبرىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى ( ) قەبرىدىكىلەر ۋەتىنىمىز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان قەھرىمانلار ئىكەن ( ) مۇئەللىم مۇنداق دېدى:

( ) قەبرە تېشىغا ئىسمى يېزىلغانلاردىن باشقا ( ) ئىسمى يېزىلمىغان يەنە نۇرغۇن قەھرىمانلىرىمىز بار ( ) ئۇلار ۋەتىنىمىز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان ( )

مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇپ ( ) ياراملىق ئادەم بولۇپ ( ) مۇشۇ قەھرىمانلارغا بولغان مىننەتدارلىقىمنى ئىپادىلەيمەن ( )

**4. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

| ئىئانە | ئوقۇغۇچىلارغا | بەس-بەستە | رازىمەنلىك بىلەن |
|---|---|---|---|

1) مەكتىپىمىزدە ............................ كىتاب تارقىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

2) باللار كىتابلارنى ئېلىپ، ............................ ئوقۇشقا باشلىدى.

3) مۇئەللىم باللارغا قاراپ، ............................ كۈلۈمسىرىدى.

4) مۇئەللىم كىتابلارنى ئىلھام توختى ئۇستازنىڭ ..................... قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى

**5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىپ، يېزىپ كېلىڭلار.**



- نامرات
- خىراجەت
- ئەھمىيەتلىك
- پەخىرلىك
- تەڭلە-

## مەشىق باغچىسى

**1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابلىرىنى تېپىڭلار.**

بېشى بار، چېچى يوق، كۆزى بار، قېشى يوق،
تېز ماڭىدۇ، پۇتى يوق، سۇ بولسىلا قارنى توق.
(بېلىق)

ئاجايىپ ئەلچى بار،
پۇتسىز مېڭىپ كېلىدۇ.
قۇلىقىغا سۆزۈڭنى،
دېسەڭ ئېلىپ كېتىدۇ؟
(تېلېفون)



**2. تۆۋەندىكى ئىككى جۈملىنى بىرلەشتۈرۈڭلار.**

ئەرقۇت ئۈزۈمنى يۇدى.
ئەرقۇت ئۈزۈمنى يېدى. ⟵ ئەرقۇت ئۈزۈمنى يۇيۇپ، يېدى.

ئوقۇغۇچى كىتابنى ئاچتى.
ئوقۇغۇچى كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدى. ⟵ ..............................................................

ئاپام تېلېفون قىلدى.
ئۆيگە بالدۇر كەل دېدى.

........................................ ←

دادام تاۋۇزنى كەستى.
توڭلاتقۇغا قويدى.

........................................ ←

مۇئەللىم ئىشكنى ئاچتى.
سىنىپقا كىردى.

........................................ ←

3 . تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىلنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە يەر.
جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق.
ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى ئىلىم بىلەن.



ھەر كۈنى ياكى مەلۇم كۈنلەردە، تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى، ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى خاتىرىلەپ ماڭساق، بۇنىڭغا «كۈندىلىك خاتىرە» دەيمىز.

كۈندىلىك خاتىرە يازغاندا، چېسلانى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. يىل، ئاي ۋە كۈن، سان بىلەن يېزىلىدۇ. ساندىن كېيىن سىزىقچە قويۇلىدۇ. بۇ سىزىقچە، مۇنداق ئوقۇلىدۇ:

5-ئاينىڭ ← بەشىنچى ئاينىڭ

7-كۈنى ← يەتتىنچى كۈنى



4. مەلۇم بىر كۈندىكى ۋەقە-ھادىسىلەرنى كۈندىلىك خاتىرە قىلىپ، يېزىپ كېلىڭلار.

5. تۆۋەندىكى خەرىتىنى كۆزىتىڭلار.

خەرىتىدىكى 1دىن 8 گىچە نومۇر قويۇلغان جايلار تاغ ۋە چوققىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئالتاي تېغى　　(2) تەڭرىتاغ　　(3) بوغدا چوققىسى　　(4) تۆمۈر چوققىسى

(5) پامىر ئېگىزلىكى　　(6) قاراقۇرۇم تېغى　　(7) قۇرۇم تېغى　　(8) ئالتۇن تاغ






6. يوقىرىدا بېرىلگەن خەرىتىدىكى تاغ ۋە چوققىلارنىڭ ئىسىملىرىنى، خەرىتىدىكى سانلارغا ماس كەلگەن جايلارغا يېزىڭلار.

7. خەرىتىدە 9 دىن 13 كىچە نۇمۇر بېرىلگەن جايلار، ۋەتىنىمىزنىڭ ئويمانلىقلىرى ۋە ۋادىلىرى بولۇپ، ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

(9) تارىم ئويمانلىقى

(10) تۇرپان ئويمانلىقى

(11) جۇڭغار ئويمانلىقى

(12) قومۇل ئويمانلىقى

(13) ئىلى ۋادىسى



**8. ئويمانلىقلار ۋە ۋادىلارنىڭ ئىسىملىرىنى، خەرىتىدىكى سانلارغا ماس كېلىدىغان جايلارغا يېزىڭلار.**



تەڭرى تېغىدىكى نارات يايلىقى



تەڭرى تېغىدىكى تۆمۈر چوققىسى

تۆتىنچى بۆلەك

# مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز

دەرسكە تەييارلىق

- ئۆرپ-ئادەت دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىمىز؟
- قانداق ئۆرپ-ئادەتلەرنى بىلىسىلەر؟

## 13- دەرس

## سالاملىشىش

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)



بىز بىر-بىرىمىز بىلەن ئۇچراشقاندا، ئالدى بىلەن سالام قىلىپ، ئاندىن قارشى تەرەپنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سورايمىز. بولۇپمۇ ئۆزىمىزدىن چوڭ كىشىلەرنى كۆرگەندە، ئوڭ قولىمىزنى كۆكسىمىزگە ئېلىپ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىمىز. چوڭلار بولسا، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ.

سالام ۋە جاۋاب بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قول بىلەن قول ئېلىشىپ تىنچلىق-ئامانلىق سورىشىمىز. بۇ ئادەت يالغۇز ئەرلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، خوتۇن-قىزلار ئارىسىدىمۇ بار. ئاياللار بىر-بىرى بىلەن يۈزىنى-يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ. ياش قىزلار ياكى چوكانلار ئۆزىدىن چوڭ ئەرلەرنى ياكى ئاياللارنى كۆرسە، «ئەسسالام» سۆزىنى ئىشلىتىدۇ ۋە ئازراق ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ.

بالىلارنىڭ چوڭلارغا سالام بەرمەسلىكى، ياشلارنىڭ ياشانغان ئادەملەرگە «ياخشىمۇ سىز» دەپ بىر قولى بىلەنلا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

# كۆنۈكمە



**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) بىز چوڭلارنى كۆرگەندە، ئالدى بىلەن نېمە دەيمىز؟

2) بىزنىڭ ئادەتلىرىمىزگە ئۇيغۇن بولمىغان ھەرىكەتلەر قايسىلار؟

3) سىز ئۆيگە كىرگەندە، ئۆيدىكىلەرگە قانداق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ سالام بېرىسىز؟

4) مەكتەپتە مۇئەللىملەرگە سالام بەرگەندە، نېمە دەيسىز؟ قولىڭىزنىڭ ھەرىكىتى قانداق بولىدۇ؟

**2. تۆۋەندىكى رەسىملەر بىلەن چۈشەندۈرۈشنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

پولو ئۇسسىدىغان چوڭ تەخسە



مېھمان

باشقىلارنىڭ ئۆيىگە چاقىرىلغان كىشى



ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

سالاملىشىش ئادىتىمىز



ساھىبخان

ئۆيگە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالىدىغان كىشى



لېگەن



**3. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

**تۆرگە　　　سالام　　　قولىمىزنى　　　تاماق**

1) ئۆيگە كىرگەندە، ئۆيدىكىلەرگە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ .......................... بېرىمىز.

2) ئادەتتە چوڭلارنى .......................... باشلايمىز.

3) .......................... يېگەندە، ئاغزىمىزنى ئاچماي، ئاۋاز چىقارماي چاينايمىز.

4) داستىخانغا كېلىشتىن بۇرۇن .......................... پاكىز يۇيىمىز.

**4. تۆۋەندىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| يېقىن | ئاز |
| يېپىق | يىراق |
| كۆپ | ئوچۇق |
| ئىسسىق | سوغۇق |



**5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭلار، ئاندىن لۇغەتتىن تېپىپ بوش ئورۇنغا يېزىڭلار. بۇ سۆزلەرگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.**

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
|---|---|---|
| تاماق | | |
| مېھمان | | |
| تۆر | | |
| مۇسابىقە | | |
| ياشانغان | | |

## 14-دەرس

# بۆرە کەلدى

**(چۆچەك)**



**بۇرۇنقى زاماندا بىر بالا، كۈندە تاغقا قوي باقىلى چىقىدىكەن.**

**بىر كۈنى ئۇ يەنە قوي باقىلى چىقىپتۇ. قويلارنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ، كىشىلەرنى بىر ئەخمەق قىلمايمۇ، دېگەن ئوي بىلەن پەسكە قاراپ:**

**– بۆرە کەلدى! ۋاي بۆرە کەلدى! – دەپ توۋلاپتۇ.**

**تاغ باغرىدا ئىشلەۋاتقان كىشىلەر يۈگۈرۈپ تاغقا چىقسا، بۆرە كۆرۈنمىگۈدەك. پادىچى بالا پىخىلداپ كۈلۈپ:**

—بۆرە كەلمىگەنىدى، مەن سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويغان، — دەپتۇ.

ئەتىسى پادىچى بالا يەنە ئۇلارنى ئالداپ: «بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى!» دەپ توۋلاپتۇ. كىشىلەر هاپىلا- شاپىلا ئىشلىرىنى تاشلاپ، يۈگۈرۈپ چىقسا، بالا خاتىرجەم ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، تاغدىن چۈشۈپتۇ.

ئۆگۈنى راستتىنلا بۆرە كەپتۇ. بۇ قېتىم پادىچى بالا «بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى!» دەپ جان-جەھلى بىلەن توۋلىغان بولسىمۇ، كىشىلەر «ئۇ يەنە بىزنى ئالداۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، تاغقا چىقماپتۇ. بۆرىلەر قويلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ.

## كۆنۈكمە



1. چۆچەكنى ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە بايان قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) بالا نېمە ئىش قىلىدۇ؟
2) بالا نېمە دەپ توۋلىدى؟
3) كىشىلەر نېمىشقا بالىغا ياردەم قىلمىدى؟
4) بالا ئىچى پۇشماسلىقى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشى مۇمكىن؟

3. تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن رەسىملەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

ئوتلاق تاغ تاغ باغرى قوي بۆرە









4. بىر قۇردا بېرىلگەن سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، بىر جۈملە تۈزۈڭلار.

1) مەن كىتاب ياخشى كۆرىمەن
2) ناھايىتى يامان يالغان سۆزلەش ئادەت
3) تاغدا بار قوي
4) بىز ئويىندۇق ئوتلاقتا
5) تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەيمەن ۋاقتىدا



**5. بوش ئورۇنغا بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| كۆندە | پىخىلداپ كۈلۈپ |
| كۆلۈمسىرەپ | چاقچاق قىلىپ |
| ھاپىلا-شاپىلا | خاتىرجەم |
| ئالدايدۇ | تىرىپىرەن |

1) مەكتەپكە ماڭىدىغان ۋاقتىم كېلىپ قالغاچقا، تامىقىمنى ...................................... يەپلا ئۆيدىن چىقتىم.

2) ئاكام ماڭا ...................................... «يوغانباش» دەيدۇ.

3) ئاپام ............................. تۇرۇپ، ماڭا ئىشنىڭ توغرىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ، دېدى.

4) مەن ........................................ ئىككى سائەت كىتاب ئوقۇيمەن.

5) بالىنىڭ يالغانچىلىقى ئاشكارا بولۇپ قالغاچقا، خىجىل بولۇپ ...................................... ئەپۇ سورىدى.

6) ئۆيىمىز يەر تەۋرەشكە چىداملىق بولغاندىكىن، ئەنسىرىمەي ............................. ئولتۇرايلى.

7) بۆرىلەر قويلارنى ........................................ قىلىۋېتىپتۇ.

8) باشقىلارغا يالغان سۆزلىگەن كىشى ئەسلىدە ئۆزىنى ...................................................



## تىنىش بەلگىسى

كۆپ چېكىت (...)

كۆپ چېكىت — ئۈچ دانە چېكىتتىن تەركىب تاپقان تىنىش بەلگىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلۈكتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ۋە ھەرپىنى ئۈزارتىپ تەلەپپۇز قىلىنىلىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىمىز.

مەسىلەن:

1) دادا: قىزىم، ئېيتىڭە، نېمە بولدى؟

قىزى: ...

2) قۇتلۇ...ق، ھە...ي قۇتلۇ...ق، مەيەرگە كېلىك، مەيەرگە.



**6. تۆۋەندە بېرىلگەن تىرناق ئىچىگە چېكىت ( . ) ياكى كۆپ چېكىت ( ... ) قويۇڭلار.**

**بۈگۈن ناشتىنى ئەتىگەندىلا قىلدۇق (   ) چۈنكى، ساياھەتكە چىقىمىز (   ) تۈنۈگۈن تەييارلاپ قويغان نەرسىلىرىمنى مەسىلەن، كىتاب، بوياق قەلىمى، چىش پاستىسى، چىش چوتكىسى (   ) يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردۈم (   ) دېڭىز، بېلىقلار، قۇم، قۇلۇلە قېپى (   ) مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان (   ) بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، سىلەر بىلەن كۆرۈشىمەن (   )**

**7. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ۋە نېمە ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.**

1) ئۆينىڭ ئارقىسىدىن قانداقتۇر «گۇر ... گۇر ... گۇر» قىلغاندەك بىر خىل ئاۋاز ئاڭلاندى.

2) ئىككىسى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى ...

3) ئەسلىملەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى ...

## 15- دەرس

# بولسا مېنىڭدە ...

(شېئىر)

بولسا مېنىڭدە،
خىسلەتلىك بوياق،
چۆللەرگە سىزسام،
خورىماس بۇلاق.

تاشسا بۇلدۇقلاپ،
ئاينىسا توغراق،
قانسا سۇ ئىچىپ،
تۆگە، بوتىلاق.

بولسا مېنىڭدە،
خىسلەتلىك بوياق،
سىزسام قۇشلارغا،
دانلارنى جىقراق.

قۇش باللىرى،
تويدۇرسا قورساق.
دان دەپ ئانىسى،
كەتمىسە يىراق.

مېيىپ دوستلارغا،
سىزسام پۇت، قۇلاق ...
يەتتە ئەزايى،
بوپ قالسا ساپساق.

بىللە ئۆگىنىپ،
بىللە ئوينىساق.
بولسا مېنىڭدە،
خىسلەتلىك بوياق.



## كۆنۈكمە



1. «بولسا مېنىڭدە ...» ماۋزۇلۇق شېئىرنى جاراڭلىق ئوقۇپ بېرىڭلار.

2. ماۋزۇدىكى كۆپ چېكىت نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

3. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
| --- | --- | --- |
| بوياق | | |
| توغراق | | |
| قۇش | | |
| دان | | |
| سىز- | | |



4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرەز قىلىڭلار. لۇغەتتىكى مەنىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، خاتا بولسا، توغرىسىنى يېزىپ چىقىڭلار.

| سۆزلەر | پەرىزىم | توغرا | خاتا. توغرىسى مۇنداق: |
| --- | --- | --- | --- |
| خىسلەتلىك | | | |
| خورىماس | | | |
| ئايىن- | | | |
| قاد- | | | |
| ئۆگەن- | | | |

5. سىزمۇ «بولسا مېنىڭدە ...» شېئىرىغا ئوخشاش بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ.

**6. ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرى بىلەن «بولسا مېنىڭدە ...» ماۋزۇلۇق شېئىرنى سېلىشتۇرۇڭ.**

| سېلىشتۇرىدىغانلىرىم | بولسا مېنىڭدە ... | شېئىرىم |
| --- | --- | --- |
| ماۋزۇسى | | |
| قىلىدىغان ئىشلار | | |
| نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى | | |



## تىنىش بەلگىسى

### قوش چېكىت ( : )

ئىزاھات ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«بولسا مېنىڭدە ...» ماۋزۇلۇق شېئىردا مېيىپلارغا ياردەم قىلىش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

مېيىپ دوستلارغا،
سىزسام پۇت، قۇلاق ...
يەتتە ئەزايى،
بوپ قالسا ساپساق.

«يەتتە ئەزا» تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ: قول، پۇت، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز، تىل



**7. تۆۋەندىكى تېكىستتىكى تىرناقلارنىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار. (چېكىت، پەش، قوش تىرناق، قوش چېكىت، كۆپ چېكىت، سوئال بەلگىسى، ئۈندەش بەلگىسى)**

ۋەتىنىمنىڭ ئىسمى (   ) شەرقىي تۈركىستان(   ) (   ) ۋەتىنىمدە نۇرغۇن يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى بار (   ) مەسىلەن (   ) كۆمۈر (   ) نېفىت (   ) ئالتۇن (   ) قاشتېشى (   ) ئۈزۈم (   ) قوغۇن (   ) ئەنجۈر (   ) يەنە نۇرغۇن قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرى بار (   ) مەسىلەن (   ) كۇچار (   ) قەشقەر (   ) تۇرپان (   ) يەكەن (   )

ئەي ئىنسانلار (   ) بىلەمسىلەر (   ) مەن ئۇيغۇر (   ) ئەنە شۇ ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر (   )

# نورۇز بايرىمى

## (چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

ئىقبال تۇرسۇن

نورۇز بايرىمى — بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملىرىمىزدىن بىرسى بولۇپ، ھەر يىلى 21- مارتتا قۇتلىنىدۇ.

نورۇز — ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «يېڭى كۈن»، «باش باھار»، «يېڭى يىل» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدا «نەۋرۇز، نوۋرۇز» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

نورۇز بايرىمى — ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تەبىئەت بايرىمى. ئۇ باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، تەبىئەتنىڭ قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، قار-مۇزلارنىڭ ئېرىپ، ھاياتلىقنىڭ جانلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ كۈن — يېشىللىقنى، يېڭى ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش ۋە خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلىدىغان ئالاھىدە بىر كۈن. نورۇز بايرىمى يالغۇز تەبىئەت بايرىمى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەمگەك-مېھنەت بايرىمى، تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى ئۇ بىر ئىناقلىق بايرىمىدۇر.



## كۆنۈكمە



**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) «نورۇز بايرىمى» قاچان قۇتلىنىدۇ؟
2) «نورۇز» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟
3) نېمىشقا «نورۇز بايرىمى»نى قۇتلايمىز؟
4) يەنە قانداق بايراملارنى بىلىسلەر؟ ئېيتىپ بېرىڭلار.

**2. باھار پەسلىدە تەبىئەتتە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟**

**3. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ، ئاستىدىكى جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| قىشلىق | ئىناقلىق |
| ئەنئەنۋى | قار-مۇزلارنىڭ |
| باھار | تەنتەنە |

نورۇز بايرىمى – ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان .................................. تەبىئەت بايرىمى.

نورۇز بايرىمى .................................. پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تەبىئەتنىڭ .................................. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، .................................. ئېرىپ، ھاياتلىقنىڭ جانلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ كۈن – يېشىللىقنى ۋە يېڭى ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش ۋە خۇشاللىقنى .................................. قىلىدىغان ئالاھىدە بىر كۈن.

نورۇز بايرىمى .................................. بايرىمىدۇر.

**4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| سۆزلەر | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
|---|---|---|
| بايرام | | |
| تەنتەنە | | |
| مىللىي | | |
| ئەنئەنۋى | | |
| جانلاش - | | |

# مەشىق باغچىسى



1 . سىلەر بىلىدىغان مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن بىرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

2. تۆۋەندىكى قايسى سۆز نورۇز بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟

ياز     كۈز     قىش     باھار

3. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار.

ئاققان سۇدەك توختىماس،
كېتىۋېرەر نىشانغا.
تارازىسى ئۆمۈرنىڭ،
بەك قىممەتلىك ئىنسانغا. (ۋاقىت)

ئاق ئېتىم ئاسماندىن چۈشەر،
ئوت-چۆپنى يېمەس،
ئوت-چۆپ ئۇنى يەر. (قار)



4. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىلنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

- دەرەخنىڭ گۈزەللىكى ياپراق بىلەن،
ئىنساننىڭ گۈزەللىكى ئەخلاق بىلەن.
- ئەخلاق ــ ئادەم زىننىتى.



5. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىل بۇ بۆلەكتىكى قايسى تېكىستكە ماس كېلىدۇ؟ نېمىشقا؟

- ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.

# ئەجدادلار مىراسى

## بەشىنچى بۆلەك

**دەرسكە تەييارلىق**

- «ئەجداد» دېگەن سۆزنى چۈشىنەمسىلەر؟
- تارىخىي شەخسلەردىن كىملەرنى بىلىسىلەر؟

## 17- دەرس

## سادىر پالۋان قوشاقلىرى

(قوشاق)

سادىرمەنۇ سادىرمەن،
سادىر بولماي كىمدۇرمەن.
تاغ يولىنى سورىساڭ،
ھەممە جايىنى بىلۈرمەن.

ياشلىقىدىن قاچقان كۈنى،
دوستلار بىلەن تېپىشتىم.
قوغلىغان چېرىك بىلەن،
ئۈچ كۈنگىچە ئېلىشتىم.



سادىر دەپ ئېيتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،
قۇمۇل خانغا پالانغان.

بۇغدايىنىڭ سامانى بار،
دۈشمەننىڭ قورالى بار.
غەم قىلما، قېرىنداشلار،
سادىرنىڭ ئامالى بار.

## كۆنۈكمە

1. قوشاقنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن قايسىلىرى سادىر پالۋاننى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ؟

جاسارەتلىك ئەقىللىق ئىشچان

### 3. تۆۋەندىكى قايسى جاۋاب جۈملىنىڭ مەنىسىنى توغرا يېشىپ بەرگەن؟

| سادىر بولماي كىمدۇرمەن؟ | سادىر دەپ ئېتىم يامان. |
| --- | --- |
| ئا: مەن سادىرمەن. | ئا: سادىر دېگەن ئىسمىم ياخشى ئىسىم ئەمەس. |
| ئە: سادىر كىم؟ | ئە: سادىر دېگەن ئىسمىم ناھايىتى داڭلىق. |
| ب: مەن سادىر ئەمەس. | ب: دۈشمەنلەر مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. |

### 4. جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| كۆپلىپت | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
| --- | --- | --- |
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |
| تۆتىنچى | | |

### 5. تۆۋەندىكى مەنداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
| --- | --- |
| چېرىك | ئۇت- |
| ئەل | خەلق |
| يەڭ- | ئەسكەر |
| دۈشمەن | چارە |
| ئامال | ياۋ |

### 6. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
| --- | --- | --- |
| يامان | | |
| دەسلەپ | | |
| يامۇل | | |
| ئامال | | |
| ئېلىش- | | |

## 18- دەرس

# بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايمەن

## (ھېكايە)



يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ھويلىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرسا، مەھەللىدىكى بالىلار كېلىپ چۇرقىراشقىنىچە:

— قاچانغىچە ئوقۇيسەن؟ بۇياققا چىق، ئوينايمىز، — دېدى. كىچىك يۈسۈپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— ياق، بولمايدۇ! بۈگۈن بوش ۋاقتىم يوق. ئاۋۋال كىتابىمنى ئوقۇيمەن؛ ئاندىن ھۆسنخەت يازىمەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن دادامنىڭ ۋە پىكىرداشلىرىنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلايمەن؛ ئاخىرىدا مەن جاۋاب ئىزدىمەكچى بولغان سوئاللىرىمنى سورايمەن؛ ئەڭ ئاخىرىدا خاتىرەمنى يازىمەن. ئەگەر سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلار بولسا ئەتە چۈشتىن كېيىن بىرەر سائەت بىللە ئوينايلى، — دېدى.

—بولمايدۇ! بولمايدۇ! سەن بۇ ئىشلىرىڭنى باشقا كۈنى قىل. ھازىر چىق، ئوينايمىز. ئەتىمۇ ئوينايمىز،— دېدى بالىلار.

—بۈگۈنكى پىلانلىغان ئىشىمنى ئەتىگە قالدۇرمايمەن. كۆڭۈللۈك ۋاقىت ئۆتكۈزۈشۈڭلارغا تىلەكداشمەن.

بالىلار يۈسۈپنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى. يۈسۈپ قارارىنى ئالدىراپ ئۆزگەرتمەيتتى. شۇڭا بالىلار:

—خۇدايىم زېھنىڭنى ئوچۇق، بىلىمىڭنى مول قىلغاي!—دېيىشكىنىچە كېتىپ قېلىشتى.

يۈسۈپ ئۇزاپ كېتىۋاتقان بالىلارغا قاراپ قويدى-دە، كىتابىنى قولىغا ئالدى.

## كۆنۈكمە



1. يۈسۈپ خاس ھاجىپنى بىلەمسىلەر؟
2. تېكىستنى ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە سۆزلەپ بېرىڭلار.
3. سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭلارنى باھالاپ يۇلتۇزلارنى بوياڭلار.

| ئۆلچەملەر | ئۆزۈمنى يۇلتۇز بىلەن مۇكاپاتلايمەن. |
|---|---|
| تېكىستنى ئىككى قېتىم ئوقۇدۇم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەردىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| گەپنى راۋان قىلدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| تېمىدىن چەتنەپ كەتمىدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| گېپىمنى ھەممەيلەن چۈشەندى. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| كەم يۇلتۇزلىرىم بار. كېيىنكى قېتىم تۈزىتىشكە غەيرەت قىلىمەن. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |



4. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىلنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

- بىلىم ئىشقىدا كۆيسەڭ، ئالتۇن شوتىدا ئۆرلەيسەن.
- بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر.
- ياخشىدىن ئۆگەن، ياماندىن يىرگەن.

## 5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملەم |
| --- | --- | --- |
| چاغ | | |
| پىكىرداش | | |
| قارار | | |
| چۈرقىرا- | | |
| كۆلۈمسىرە- | | |



## تىنىش بەلگىسى

### چېكىتلىك پەش ( ؛ )

چېكىتلىك پەش — تەڭداش تەركىبلەرنى ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بەلگىدۇر. تەڭداش تەركىبلەر كۆپىنچە بىرنەچچە سۆزدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاۋۋال كىتابىمنى ئوقۇيمەن؛ ئاندىن ھۆسنخەت يازىمەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن دادامنىڭ ۋە پىكىرداشلىرىنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلايمەن؛ ئاخىرىدا جاۋابىغا قىزىققان سوئاللىرىمنى سورايمەن؛ ئەڭ ئاخىرىدا خاتىرەمنى يازىمەن.

## 6. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ۋە نېمە ئۈچۈن چېكىتلىك پەش قويۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

1) ھاياتلىق بولمىسا، ئۆلۈم بولمايدۇ؛ ئۆلۈم بولمىسا، ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ.

2) پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلەرنىڭ تەمى باشقىچە تاتلىق بولىدۇ؛ ياخشى تەربىيەلەنگەن ئىنساننىڭ ھەر يەردە قەدرى بولىدۇ.

# شائىر تاغام لۇتپۇللا

ئابلىكىم روزى

(شېئىر)

جاسارەتلىك ئەر ئىدىڭ،
چاقنايدىغان زەر ئىدىڭ.
دائىم «ۋەتەن» دەر ئىدىڭ،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

دۈشمەنگە تىز پۈكمىدىڭ،
ئۆركەشلىدىڭ، چۆكمىدىڭ.
قارىغاي كەبى كۆكلىدىڭ،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.



لۇتپۇللا مۇتەللىپ

تىنماس ئىدى قەلىمىڭ،
تالماس ئىدى قەدىمىڭ.
چوڭقۇر ئىدى بىلىمىڭ،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

ئۆگىنىمىز سېنىڭدىن،
ئىلگىرىلەيمىز ئىزىڭدىن.
زوقلىنىمىز شېئىرىڭدىن،
شائىر تاغام لۇتپۇللا.

## كۆنۈكمە



**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) شېئىر كىمگە بېغىشلانغان؟

2) لۇتپۇللا مۇتەللىپنى بىلەمسىلەر؟

## 2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| كۆپلىك | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
| --- | --- | --- |
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |
| تۆتىنچى | | |

## 3. تۆۋەندىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
| --- | --- |
| جاسارەتلىك | دوست |
| دۈشمەن | چېكىن- |
| چوڭقۇر | قورقۇنچاق |
| ئىلگىرىلە- | تېيىز |

## 4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملەم |
| --- | --- | --- |
| زەر | | |
| تالماس | | |
| قەدەم | | |
| ئۆگەن- | | |
| كۆكلە- | | |

# 20- دەرس

## بىرلىك—ئۇلۇغ كۈچ

**مەمتىلى تەۋپىق**

(شېئىر)

بىر، ئىككى، ئۈچ ...
بىرلىك—ئۇلۇغ كۈچ.
يانجىپ ئۆتىمىز،
توسقۇن كەلسە دۈچ.

ئالىمىز بىلىم،
مەكتەپكە كىرىپ.
ئوتتۇرا يولدا،
قالمايمىز ھېرىپ.



ئۆزىمىز كىچىك،
تىلىمىز چۈچۈك.
دوپپىمىز ئالا،
ئىشىمىز چالا.

ئۆگەنسەك بىلىم،
مۇشكۇللەر ئاسان.
بۇغرا ئەۋلادى،
يېڭىلمەس ھامان.

## كۆنۈكمە



1. مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنى بىلەمسىلەر؟

2. كىتابىڭلارنىڭ باش قىسمىدىكى «قۇرتۇلۇش يولىدا» دېگەن شېئىر بار بەتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| ئاسان | |
| كىچىك | |
| ياخشى | |
| كۈچلۈك | |
| چالا | |



4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| كۇپلېت | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
|---|---|---|
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |
| تۆتىنچى | | |
| بەشىنچى | | |

5. شېئىرغا باشقا ماۋزۇ قويۇپ بېقىڭلار.

6. تۆۋەنكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
|---|---|---|
| ئۇلۇغ | | |
| توسقۇن | | |
| چۈچۈك | | |
| چالا | | |
| دۈچ كەل- | | |

## مەشىق باغچىسى



1. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

پالۋان، دۈشمەن، كۈچ، ئەسكەر، ياخشى، ئۇلۇغ، خەلق، ئامال، تاغا



تەلەپپۇزى ئوخشاش، مەنىسى پەرقلىق سۆزلەر ــ **ئاھاڭداش سۆزلەر** دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

- سىنىپتا بىر مۇنچە باللار بىر توپ بولۇپ ئويۇن ئويناۋاتىدۇ.
- دەرستىن كېيىن، باللار بىلەن مەھەللىدە توپ ئوينايمىز.

## 2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن ئاھاڭداش سۆزلەرنى تېپىپ چىقىڭلار.

1) ئۇ بۈرۈن باشقا مەكتەپتە ئوقۇغان.

2) توپ يۇزۇمگە تەگكەچكە، بۇرۇن سۆڭىكىم زەخملەنگەن ئوخشايدۇ.

3) كەپتەرلىرىم ئاسماندا بىر توپ بولۇپ، پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى.

4) ئېرىقتىكى سۇ شىلدىر-شىلدىر قىلىپ ئاقتى.

5) مېنىڭ چېچىم قارا، بوۋامنىڭ چېچى ئاق ئىدى.

6) ئۇ دائىم قورسىقىڭ ئاچمۇ دەپ، سوراپ تۇرىدۇ.

7) ئىشىكنى كىم ئاچتى؟

## 3 . تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى تېپىڭلار.

ئايىغى يوق يۈرىدۇ،
سىلىق-سىلىق كۆلىدۇ.

ئاللىپىشىل تونى بار،
قىپقىزىلدۇر قورسىقى.
قاپقارادۇر باللىرى،
شۇنچە نۇرغۇن سانىقى.

4. تۆۋەندىكى بىر-بىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار.

| | |
|---|---|
| مىللىي | دوست |
| ئەنئەنىۋى | بالا |
| كونا | مېھىر |
| چوڭقۇر | بايرام |
| جاسارەتلىك | كىيىم |
| يېقىن | ئۈستەل |

5. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى چۈشەندۈرۈڭلار.

- ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.
- ئۆز ئېلىڭنىڭ نىنىنى يە، كېچە-كۈندۈز غېمىنى يە.
- كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.

6. «بىرلىك ــ ئۇلۇغ كۈچ» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسى، تۆۋەندىكى قايسى جاۋابتا توغرا بېرىلگەن؟

1) بىر ــــ كۈچلۈك بىر سان.
2) بىرلەشسەك، ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولالايمىز.
3) بۆلۈنگەننى بۆرە يەر، ئايرىلغاننى ئېيىق يەر.

# ئانا تىلىم ــ ئۇيغۇر تىلى

## ئالتىنچى بۆلەك

دەرسكە تەييارلىق

- ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىشنى بىلەمسىلەر؟
- ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان قايسى كىتابلارنى ئوقۇدۇڭلار؟

### 21- دەرس



## ئانا تىلىم ئانامدەك

### چىمەنگۈل ئاۋۇت

(شېئىر)

ئوماق قۇشلار بولۇڭلار،
مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىڭلار.
«ئېلىپبە»نى ئۆگىنىپ،
سايراپ كەتسۇن تىلىڭلار.

ئانا تىلىم ئانامدەك،
يالغان بولسا ئاڭلاڭلار.
ئەمدى ئېگىز ئۇچايلى،
كۆك ئاسمانغا يۈرۈڭلار.

ئوماق قۇشلار بولۇڭلار،
دېرىزەمگە كېلىڭلار.
ئانام چۆچەك ئېيتماقچى،
مېنىڭ بىلەن ئاڭلاڭلار.

# كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| كۈپلېت | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
| --- | --- | --- |
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |



**2. شېئىرغا باشقا ماۋزۇ قويۇپ بېقىڭلار.**

**3. تۆۋەندە بېرىلگەن ئايلارنىڭ ئىسىملىرىدىن پايدىلىنىپ، جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

| | |
| --- | --- |
| 1-ئاي | يانۋار |
| 2-ئاي | فېۋرال |
| 3-ئاي | مارت |
| 4-ئاي | ئاپرېل |
| 5-ئاي | ماي |
| 6-ئاي | ئىيۇن |

1) ............................ دا ئۈرۈمچىدە قاتتىق سوغۇق بولۇپ، ھەممە يەرنى قار قاپلاپ كېتىدۇ. (1-ئاي)

ئۈلگە: يانۋاردا ئۈرۈمچىدە قاتتىق سوغۇق بولۇپ، ھەممە يەرنى قار قاپلاپ كېتىدۇ. (1-ئاي)

2) .............ئېيىنىڭ 5 ـ كۈنى بىزنىڭ دوپپا بايرىمىمىز. (5-ئاي)

3) دۇنيا ئانا تىل كۈنى 21 ـ ............................. . (2-ئاي)

4) دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 15ـ .................................. نى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىل بايرىمى سۈپىتىدە قۇتلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (6ـ ئاي)

5) نورۇز بايرىمى ھەر يىلى 21ـ.................................. تا قۇتلىنىدۇ. (3ـئاي)

6) يۇقىرىدىكى بەش جۈملىدە .................................. توغرۇلۇق بىر مەزمۇن يوق. (4ـئاي)

## 4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملەم |
|---|---|---|
| ئوماق | | |
| ئېگىز | | |
| چۆچەك | | |
| ئاسمان | | |
| ئۈچـ | | |



خەت يازغاندا، ئەگەر بىر سۆز قۇرنىڭ ئاخىرىغا تولۇق سىغمىسا، سىغمىغان قىسمىنى كېيىنكى قۇرغا يازىمىز. يازغاندا، تۆۋەندىكى «بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى»گە ئەمەل قىلىمىز.

| قائىدە | مىسال |
|---|---|
| قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنى، بوغۇم بويىچە پارچىلايمىز. سۆزنىڭ قۇر ئاخىرىغا سىغقان بوغۇمىدىن كېيىن سىزىقچە قويىمىز؛ سىغمىغان بوغۇمنى كېيىنكى قۇرغا يازىمىز. | بازاردىن ئىككى دانە دەپـ تەر ئالدىم.<br>قاپچۇقتىكى سېرىق رەڭلىك قەـ لەم كىمنىڭ؟ |



قۇرنىڭ ئاخىرىغا سىغماي قالسىمۇ، پارچىلاشقا بولمايدىغان ئەھۋاللار بار. مەسىلەن:

| قائىدە | مىسال | |
|---|---|---|
| | توغرىسى | خاتاسى |
| رەقەم بىلەن يېزىلغان ساناق سانلارنى بۆلۈپ، كېيىنكى قۇرغا يېزىشقا بولمايدۇ. | 2023-يىلى | 20-<br>23- يىلى |
| ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەرنى بۆلۈپ، ئىككىنچى قۇرغا يېزىشقا بولمايدۇ. | ب د ت | ب د –<br>ت |
| بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنى، ئىككى قۇرغا بۆلۈپ، يېزىشقا بولمايدۇ. | قەرز | قەر-<br>ز |

**5. تۆۋەندىكى مىساللاردىكى بوغۇم كۆچۈرۈشنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار ۋە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭلار.**

| مىساللار | توغرا | خاتا |
|---|---|---|
| ئۆيدە توك ئۆچۈپ قالغاچقا شا-<br>م يېقىشقا مەجبۇر بولدۇق. | | |
| مەكتەپكە كىرىپ مۇئەل-<br>لىمنى كۆردۈم. | | |
| بۇ ھېكايە بىر ئا-<br>نا بىلەن ئىككى بالىنىڭ ھېكايىسىدۇر. | | |
| ئەڭ مەنىلىك كۈنلىرىم مە-<br>كتەپتە ئۆتتى. | | |
| مال-مۈلكۈمنى ئېلىۋالغاچقا، ئەر-<br>ز قىلدىم. | | |
| ئۇ ئەمگەكچان، لېكىن ساددا دا-<br>دا ئىدى. | | |
| تومارىسنىڭ قانچىلىك تىرىش-<br>چان ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. | | |
| ئاكام تۇغۇلغاندا كالىندار 20<br>02-يىلنى كۆرسىتىپ تۇرغان ئىكەن. | | |

## 22-دەرس

# دۇنيا ئانا تىل كۈنى

### (ھېكايە)

بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلى دەرسىدە، مۇئەللىم «قىسقارتىلما سۆز» ھەققىدە دەرس ئۆتتى. مۇئەللىمنىڭ ئېيتىشىچە، بىر سۆزنىڭ تۈنجى ھەرپىنى ياكى بىرىنچى بوغۇمىنى ئېلىپ، قالغانلىرىنى ئالماي، قىسقارتىپ ئىشلىتىشكە بولىدىكەن. مەسىلەن «لۇتپۇللا مۇتەللىپ» دېگەن ئىسىم-فامىلەنى «ل. مۇتەللىپ»، «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر»نى «ئا. ئۆتكۈر» قىلىپ يېزىشقا بولىدىكەن. «تىل-يېزىق كومىتېتى» دېگەن ئىدارىنىڭ ئىسمىنى «تىلكوم» دەپ يېزىشقا بولىدىكەن.

ئەرقۇت مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەدىسىگە مۇنداق دېدى:

— ئاچا! ئەتە 21-فېۋرال «دۇناك» ئىكەن. بىر شېئىر يېزىشىم كېرەك. ماڭا ياردەم قىلغىچۇ!



ئاچىسى «دۇناك» دېگەن سۆزنى چۈشەنمەي، ئەرقۇتتىن ئېنىقراق ئېيتىشنى تەلەپ قىلدى.

— «دۇناك» دېگىنىم «دۇنيا ئانا تىل كۈنى» دېگىنىم. مەن قىسقارتتىم. قانداق؟ بولامدىكەن؟

ئاچىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئەستا-يىدىللىق بىلەن:

— جېنىم ئۇكام، ھەممە ئادەم سۆزلەرنى ئۆزى بىلگەنچە قىسقارتسا، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيدۇ. ئالدى بىلەن ئومۇملاشقىنىنى ئىشلىتەيلى. بۇ ئاتالغۇنىڭ قىسقارتىلمىسى بارمىكىن، ئىزدىنىپ باقايلى. ئەگەر سېنىڭ قىسقارتىشىڭ ئومۇملىشىپ قالسا، ھەممەيلەن «دۇناك» دەرمىز، — دېدى.

ئۇلار ئانا تىل كۈنى ھەققىدە شېئىر يېزىش ئۈچۈن، ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانچىلىك مۇھىم بىر تىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

## كۆنۈكمە



**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) تېكىستتە قانچە كىشى بار؟

2) تېكىست نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟

3) ئەرقۇتنىڭ ھەدىسى نېمىشقا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى؟

4) سىزچە «دۇنيا ئانا تىل كۈنى»نى قانداق قىسقارتىش كېرەك؟ نېمىشقا؟

**2. تۆۋەندىكى ئىبارىلەرنى قىسقارتىلمىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر | تىلكوم |
| تىل-يېزىق كومىتېتى | ئا. ئۆتكۈر |
| كىلوگىرام | ب د ت |
| بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى | ك گ |

**3. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن | ئەگەر مەن باش مىنىستىر بولسام مۇنداق قىلىمەن: |
|---|---|
| ھەممە ئادەمنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىششى ئۈچۈن | |
| ھەممە ئادەمنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىشى ئۈچۈن | |
| ھەممە ئادەمنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇشى ئۈچۈن | |

**4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| يېڭى سۆزلەر | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
|---|---|---|
| ئىدارە | | |
| ھەدە | | |
| فېۋرال | | |
| ئەستايىدىل | | |
| ئىزدە- | | |

## 23- دەرس

# هەپتە

ئابلىكىم روزى

(شېئىر)

گويا بىر تۈپ گۈل،
بىر هەپتە دېمەك.
باردۇر ئۈنىڭدا،
يەتتە تال چېچەك.

ئاشۇ چېچەكلەر،
كۈنلەرگە مىسال.
كۈنلەر بىز بىلەن.
تاپىدۇ ۋىسال.

هەر بىر هەپتىنىڭ
بېشى دۈشەنبە.
دۈشەنبە ئۆتسە،
كېلۈر سەيشەنبە.

هەپتىنىڭ ئۈچى،
بولۇر چارشەنبە.
ئۈنىڭ كەينىدىن،
كېلۈر پەيشەنبە.

كېلىدۇ ئاندىن،
جۈمە ۋە شەنبە.
ئۇ كۈنلەر ئۆتسە،
بولۇر يەكشەنبە.



## كۆنۈكمە



1. ھەپتىنىڭ كۈنلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

2. ئايلار تۆۋەندىكىدەك ئاتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| 7-ئاي | ئىيۇل |
| 8-ئاي | ئاۋغۇست |
| 9-ئاي | سېنتەبىر |
| 10-ئاي | ئۆكتەبىر |
| 11- ئاي | نويابىر |
| 12-ئاي | دېكابىر |

**يۇقىرىدىكى ئايلارنىڭ ئىسىملىرىدىن پايدىلىنىپ، جۈملىلەردىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.**

1) ۋەتىنىمىزدە ............ ئېيىدا ئاشلىق ۋە مېۋە-چېۋىلەردىن ھوسۇل ئېلىنىپ، ناھايىتى مەمۇرچىلىق بولىدۇ. (9-ئاي)

ئۈلگە: ۋەتىنىمىزدە سېنتەبىر ئېيىدا، ئاشلىق ۋە مېۋە-چېۋىلەردىن ھوسۇل ئېلىنىپ، ناھايىتى مەمۇرچىلىق بولىدۇ. (9-ئاي)

2) ئاپام ............دا تۇغۇلغان ئىكەن. (11-ئاي)

3) ئاكام ............دا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا كىرىدۇ. (7-ئاي)

4) ............تا ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، سۇغا چۆمۈلۈش بەك كۆڭۈللۈك. (8-ئاي)

5) ئۈرۈمچىدە ............دە قار يېغىشى مۇمكىن. (10-ئاي)

6) 12- ئاينى ............ دەيمىز.



3. ئات (ئىسىم)، تەگئات (فامىلە)، تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈننى ئېيتىپ بېرىڭلار.

4. سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭلارنى باھالاپ، يۇلتۇزلارنى بوياڭلار.

| ئۆزۈمنى يۇلتۇز بىلەن مۇكاپاتلايمەن. | ئۆلچەملەر |
| --- | --- |
| ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ | سۆزلىگەندە، بېشىمنى تىك تۇتتۇم. |
| ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ | كۆپچىلىككە قارىدىم. |
| ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ | ھودۇقمىدىم، قورقمىدىم. |
| ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ | ئۆزۈمنى ئەركىن ھېس قىلدىم. |
| ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ | سۆزۈمنى ھەممەيلەن ئاڭلىيالىدى. |
| ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ | تۇغۇلغان ئايىنىڭ ئىسمىنى توغرا دېيەلىدىم. |
| ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ | تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ، ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكىنى دېيەلىدىم. |

### 5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| جۈملەم | لۇغەتتىكى مەنىسى | يېڭى سۆزلىرىم |
| --- | --- | --- |
| | | ھەپتە |
| | | دۈشەنبە |
| | | ئىيۇل |
| | | ئاندىن |
| | | كېيىندىن |

## 24-دەرس

# قانداق ئاتايمەن؟

### (ھېكايە)



بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان كەلدى. مېھمان دادام بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قولىدىكى رەسىملىك كىتابلارغا كۆزۈم چۈشتى. مەن دادامغا مېھماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

—دادا، دادا، ئاۋۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى كىتابنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟—دەپ سورىدىم. دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

—«ئاۋۇ ئادەم» دېمەيمىز بالام، «ئاۋۇ تاغام» ياكى «داداش» دەيمىز،—دېدى.

—ھە، چۈشەندىم. ئۇ سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز ئىكەن-دە! مەن نېمىشقا ھازىرغىچە تونۇشمىدىم؟— ھەيران بولۇپ سورىدىم.

—ئۇ مېنىڭ خىزمەتدىشىم،—دادام مېنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

—ئۆزىمىزدىن چوڭ كىشىلەرنى ئىسمىنى بىۋاستە ئاتاپ چاقىرمايمىز. ياكى يېنىدا «ئاۋۇ ئادەم، ماۋۇ ئايال» دېمەيمىز. ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دادا، تاغا، ئاپا، ھەدە، ئاكا ...» دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتايمىز.

—ئۇقتۇم دادا!—دېدىم ھاياجان بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، تۇغقانلىرىمىزدىن باشقا كىشىلەرنى قانداق ئاتاشنى ئۆگىنىۋالدىم.

## كۆنۈكمە

1. تېكستنى بايان قىلىڭلار.

## 2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) بالا مېھماننى كۆرستىپ تۇرۇپ، نېمە دېدى؟

2) مېھمان كىم؟

3) بالا نېمىنى ئۆگىنىۋالدى؟

4) ئەگەر ئۆيگە ئانىڭىزنىڭ سىڭلىسى كەلسە، ئۇنى نېمە دەپ ئاتايسىز؟



## 3. تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ قايسىلىرى خاتا؟

1) بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە تاغام كەلدى. (  )

2) بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان كەلدى.(  )

3) ئۆزىمىزدىن چوڭ كىشىلەرنى بىۋاستە ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىمىز. (    )

4) ئۆزىمىزدىن چوڭ كىشىلەرنى بىۋاستە ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرمايمىز. (  )

## 4. تۆۋەندىكى رەسىملەر بىلەن چۈشەندۈرۈشلەرنى ماسلاشتۇرۇڭلار.

1) مەھمۇد كاشغەرىي ــ مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم.

2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ــ ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىنى كەڭ دائىرىدە ۋە چوڭقۇر يورۇتۇپ بەرگەن ئۈچ توملۇق ئىلمىي ئەسەر.

3) شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل ــ مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ قەھرىمان جەڭچىسى.







## 5. «قانداق ئاتايمەن» ئىسىملىك تېكىستكە پەرقلىق بىر ماۋزۇ قويۇپ بېقىڭلار.

### 6. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
|---|---|---|
| مېهمان | | |
| لىككىدە | | |
| رەسىملىك | | |
| قېرىنداش | | |
| خىزمەتداش | | |

## مەشىق باغچىسى

### 1. تۆۋەندىكى مۇۋاپىق سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملە تۈزۈڭلار.

| | |
|---|---|
| ئەپۇ | سەھەر |
| خاپا | قىلىك |
| سەت | بولماڭ |
| خەيرلىك | كۆرۈشەيلى |
| ئەتە | بولدى |

### 2. تۆۋەندىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىڭلار.

ئاپئاق يۇمىلاق بىر كورا،
ئىچىدە ئىككى خىل دورا!

ئاخشىمى كېتەر لەگلەك،
ئەتىگەن كېلەر سەكسەك.
بۇ نېمە؟



### 3. تۆۋەندىكى يېڭىلتماقنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

- تەمسىلسىز سۆز— تەمسىز سۆز،
  تەمسىز سۆز—تەمسىلسىز سۆز.

- قۇرۇق گەپنى زەپ گەپ دەپتۇ،
  بىزگە بېرەر نەق نەپ دەپتۇ.

### 4. يېڭىلتماقنى قانداق ئېيتقانلىقىڭلار ھەققىدە ئۆزۈڭلارنى باھالاڭلار.

| يېڭىلتماقنى | ئۆزۈمنى باھالايمەن |
|---|---|
| كىتابقا قارىماي دېيەلىدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| توغرا تەلەپپۇز قىلالىدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە دېيەلىدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| ئۆيدىكىلەرگىمۇ دەپ بەردىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |



### 5. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىلنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار

- ئادەمنىڭ ئۆزىگە باقما، سۆزىگە باق.
- كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس، مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس.

### 6. ئىككى كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئانا تىل ھەققىدە بىر كۇپلېت شېئىر يېزىڭلار.

# گۈزەل تەبىئەت

يەتتىنچى بۆلەك

دەرسكە تەييارلىق

- تەبىئەتتە نېمىلەر بار؟
- مۇھىتنى ئاسراش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز لازىم؟

## 25- دەرس

## قىش كېچىسى

(قوشاق)



تاتلىق، تاتلىق، بەك تاتلىق،
قىشنىڭ كېچىسى.
ئۈزۈلسىدىن قۇشقاچنىڭ،
كەلمەس چىققۇسى.

تاتلىق، تاتلىق، بەك تاتلىق،
قىشنىڭ كېچىسى.
دېرىزىدە يالتىرار،
ئاينىڭ شولىسى.

تاتلىق، تاتلىق، بەك تاتلىق،
قىشنىڭ كېچىسى.
كېلەر قارنىڭ تۈيدۈرماي،
لىباس ياپقۇسى.



قاناسنىڭ قىش كېچىسى

## كۆنۈكمە



**1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) قىش پەسلىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

2) قوشاقتا قىش پەسلىنىڭ قايسى ئالاھىدىلىكى تىلغا ئېلىندى؟

3) سىلەر قىش ئايلىرىدا قانداق ئويۇنلارنى ئوينايسىلەر ؟

4) قىش پەسلىدە بىزگە نېمىلەر لازىم؟ نېمىشقا؟

**2 . تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| كۇپلېت | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
|---|---|---|
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |
| تۆتىنچى | | |

3 . تۆۋەندىكى مەنداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| يالتىراق | ئۇزاق |
| شولا | تىڭشا- |
| يىراق | بىلدۈرمەي |
| ئاڭلا- | نۇر |
| تۇيدۇرماي | پارقىراق |



4 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| تاتلىق | |
| قىش | |
| ياپ- | |
| يىراق | |

5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملەم |
|---|---|---|
| ئۇۋۇ | | |
| يالتىراق | | |
| شولا | | |
| ئەللەي | | |
| لىباس | | |

26- دەرس

# قارلىغاچ بىلەن زىبا

(چۆچەك)



قارلىغاچ بىلەن ئوماق زىبا دوست ئىكەن. زىبا قارلىغاچ بىلەن بىللە ئويناشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. بىراق، قارلىغاچ ئەتىدىن كەچكىچە قۇرت تۇتۇش، ئۇۋا سېلىش بىلەن ئالدىراش ئىكەن. قارلىغاچنىڭ بىر چىمدىم-بىر چىمدىم لاينى ئېغىزىدا توشۇپ، ئۇۋا ياساۋاتقىنىنى كۆرگەن زىبانىڭ ئىچى ئاغرىپتۇ:

ھەي قارلىغاچ دوستۇم، مەن جىق لاي ئېتىپ، ساڭا ئۇۋا ياساپ بېرەيمۇ؟ــ دەپتۇ.

قارلىغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ دوستۇم زىبا، ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت! بىز قارلىغاچلار، ئۆزىمىز ئەجىر قىلىپ، سالمىغان ئۇۋىغا كىرمەيمىز. يەنە تېخى ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىزگە لايىق ئۇۋا سالالمايدۇ، كەچۈرگىن، ــ دەپتۇ.

ئەقىللىق زىبا قايىل بولۇپتۇ. ئۇ شوخلۇق قىلىپ، يەنە مۇنداق دەپتۇ:

ــ ساڭا ئۇۋا سېلىپ بېرەلمەمدىم؟ ئەمىسە ماڭا ئۇچۇشنى ئۆگىتىپ قويغىنە، دوستۇم!

ــ ھەي زىبا، بۇ يىل مەكتەپكە كىردىڭغۇ؟ ياخشى ئوقۇساڭ، كىتاب ساڭا ئۇچۇشنى مەندىن تېز ئۆگىتىدۇ!

## كۆنۈكمە



**1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1 ) سىز قارلىغاچنى كۆرگەنمۇ؟ رەسىمنى سىزالامسىز؟
2 ) سىز يەنە قايسى قۇشلارنى بىلىسىز؟
3) قارلىغاچ دوستى زىباغا نېمە دېدى؟
4) مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇچۇشنى ئۆگىتەمدۇ؟

**2 . تۆۋەندىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.**

| ئۈلگىلىك جۈملىلەر | مېنىڭ جۈملەم |
|---|---|
| ئەقىللىق زىبا قايىل بولۇپتۇ. | |
| قارلىغاچ بىر چىمدىم-بىر چىمدىم لاينى ئېغىزىدا توشۇپتۇ. | |
| بىز قارلىغاچلار ئۆزىمىز ئەجىر قىلىپ، سالمىغان ئۇۋىغا كىرمەيمىز. | |

**3. تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| جىق | ياسا- |
| ئەجىر | سۆي- |
| سال- | چىرايلىق |
| ياخشى كۆر- | كۆپ |
| گۈزەل | مېھنەت |



5 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| دوست | |
| ياخشى | |
| ياسا- | |
| ئەقىللىق | |

6 . تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملەم |
|---|---|---|
| زىبا | | |
| قۇرت | | |
| بىر چىمدىم | | |
| لايىق | | |
| قايىل | | |



تەلەپپۇز قىلغاندا، سوزۇپ ئېيتقىلى بولىدىغان تاۋۇشلارنى «سوزۇق تاۋۇش» دەيمىز. مەسىلەن: «ئانا» سۆزىدىكى «ئا، ا» ھەرپلىرى، «ۋەتەن» سۆزىدىكى «ە، ە» ھەرپلىرى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدۇ.

7. تىلىمىزدا قانچە سوزۇق تاۋۇش بار؟ ئۇلار قايسىلار؟

## 27- دەرس

# ئاڭلا، قۇلۇله

(شېئىر)

قۇلۇله، قۇلۇله،
چۆپ ئۈستىده يۈرگىنه.
يۈدۈۋاپسەن ئۆيۈڭنى،
قانچه ئېغىر، دېگىنه.

ئالسام سېنى قولۇمغا،
مۆكۈۋالدىڭ ئۆيۈڭگه.
قورقماي ماڭا قارىغىن،
قۇلاق سېلىپ سۆزۈمگه.

ئېزىپ قاپتۇ يولىدىن،
كىچىككىنه چۈمۈله.
يارىلانغان پۇتلىرى،
يالغۇز ئىكەن—بىرگىنه.

كەچ كۈز كىردى، سوغ چۈشتى،
مۇزلاپ كەتتى چۈمۈله.
ماقۇل دېگىن، بولامدۇ؟
تۈنۈۋالسۇن ئۆيۈڭده.



## كۆنۈكمە



**1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) سىلەر بۇ شېئىردىن قۇلۇلىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدىڭلار؟

2) قۇلۇلە چۈمۈلىنى ئۆيىگە كىرگۈزەمدۇ؟ نېمىشقا؟

3) سىز ياتلارغا ئۆيىڭىزدىن ئورۇن بېرەمسىز؟

4) ئۆيىڭىز قۇلۇلىنىڭ ئۆيىگە ئوخشامدۇ؟

**2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| كۆپلېت | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
|---|---|---|
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |
| تۆتىنچى | | |

**3 . تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| مۆك- | توڭلا- |
| يالغۇز | يۇشۇرۇن- |
| چۆپ | گەپ |
| مۇزلا- | ئادىشىپ قال- |
| سۆز | يېگانە |
| ئېزىپ قال- | ئوت |

### 5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملەم |
|---|---|---|
| سوغۇق | | |
| قانچە | | |
| كەچ كۈز | | |
| تونۇۋال- | | |
| مۇز | | |



تەلەپپۇز قىلغاندا، سوزۇپ ئېيتقىلى بولمايدىغان تاۋۇشلارنى «ئۈزۈك تاۋۇشلار» دەيمىز. مەسىلەن: «ئانا» سۆزىدىكى «ن»، «ۋەتەن» سۆزىدىكى «ۋ، ت، ن» تاۋۇشلىرى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدۇ.

### 6. تىلىمىزدا قانچە ئۈزۈك تاۋۇش بار؟ ئۇلار قايسىلار؟

## 28-دەرس

# زۇمرەت كۆل

### (ساياھەت خاتىرىسى)



يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى سايرام كۆلىگە باردۇق. ئاپتوبۇس كەڭسايىنى بويلاپ مېڭىپ، تەلكە داۋىنىدىن تۆۋەنلىشىگە، ئاپتوبۇستىكى كىشىلەر: «سايرام! سايرام كۆلى!» دەپ چۇر-قىرىشىپ كەتتى. بىز بۇ يەردە ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق. كۆز ئالدىمىزدا بىپايان كۆك «دېڭىز» يېنىك چايقىلىپ تۇراتتى. ئېگىزلىكتىكى بۇ مەنزىرە كىشىنى تولىمۇ مەھلىيا قىلاتتى. بىز يۈگۈرگىنىمىزچە كۆل بويىغا باردۇق. كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار زۇمرەتتەك كۆل سۈيىدە ئەكس ئېتىپ، توپ-توپ ئاققۇلار ئۈزۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاغ شامىلى كۆل سۈيىنى سۆيۈپ ئۆتكەندە، سۇ يۈزىدە قات-قات يېنىك دولقۇنلار پەيدا بولاتتى. سۇ بىردەم كۆمۈش رەڭدە، بىردەم يېشىل رەڭدە چاقنايتتى. يەنىمۇ يىراقتا قارىغۇدەك بولسىڭىز، بېلىقلار ئەركىن پىلتىڭلاپ ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆل شاۋقۇنى بىزگە گەپ قىلىۋاتقاندەك يېقىملىق پىچىرلايتتى. سىڭلىم ئىككىمىز كۆل سۈيىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ يۈزىمىزنى يۇدۇق.

بىز كېمە توختىتىش مەيدانىغا كەلدۇق. كاتېرغا چۈشۈپ ئوينىدۇق. كاتېر ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. بىز كۆلنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلماقتىمىز.

كاتېر كۆلنى بىر ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قىرغاققا قايتتى. كاتېردىن چۈشۈۋېتىپ، كۆل گىرۋىكىدە لەيلەپ تۇرغان سۇ بوتۇلكىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئېلىۋەتتىم. دولقۇن قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، ماڭا سۇ چاچراتتى. بۇنى كۆرگەن سىڭلىم قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئاكا، كۆل سىزگە رەھمەت ئېيتىۋاتىدۇ، -دېدى.



**1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) تېكستتە قايسى جايلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان؟

2) سىزچە كۆل نېمىشقا بالىغا رەھمەت ئېيتىدۇ؟

3) سىز مۇھىتنى ئاسراش ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلالايسىز؟

**2. تۆۋەندىكى مەنداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| چۇرقىراش- | ۋارقىراش- |
| يىراق | جەلپ قىل- |
| مەھلىيا قىل- | چەكسىز |
| بىپايان | ئۇزاق |



**3. تۆۋەندىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.**

1) كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار زۇمرەتتەك كۆل سۈيىدە ئەكس ئېتىپ، توپ-توپ ئاقqۇلار ئۈزۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

جۈملەم: ..................................................

2) سۇ بىردەم كۆمۈش رەڭدە، بىردەم يېشىل رەڭدە چاقنايتتى.

جۈملەم: ..................................................

3) كاتىر ئۈچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە.

جۈملەم: ..................................................

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
| --- | --- | --- |
| كاتىپ | | |
| كۆل | | |
| شاۋقۇن | | |
| قىرغاق | | |
| مەنزىرە | | |

## مەشىق باغچىسى



1. قايسى پەسلنى ياخشى كۆرىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟
2. بۇ بۆلەكتىكى قايسى تېكىستتە مۇھىتنى ئاسراش ھەققىدە مەزمۇن بار؟
3. «بىزنىڭ بىرلا يەر شارىمىز بار» دېگەن جۈملىنى مۇھىتنى ئاسراش نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.
4. يۇقىرىدىكى ماۋزۇدا قىلغان سۆزۈڭلارنى باھالاڭلار.

| قىلغانلىرىم | ئۆزۈمگە يۇلتۇز بېرىمەن. |
| --- | --- |
| سۆزلىگەندە بېشىمنى تىك تۇتتۇم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سۆزلىدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| تېمىدىن چەتنەپ كەتمىدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |
| سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلدىم. | ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ |

### 1. مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ، بوش ئورۇنلارغا يېزىڭلار.

ئىنسانلار    ئەخلەت    سىلىق    تارتىنماي

1) يەرگە قالايمىقان ............ تاشلىماسلىقىمىز كېرەك. (   )

2) ئۆسمۈرلەر ............ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

3) كۆز قارىشىم باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولمىسا، پىكرىمنى ............ دەيمەن.

4) باشقىلارنىڭ تەلىپىنى مۇۋاپىق دەپ قارىمىسام، ............ سۆزلەر بىلەن رەت قىلىمەن.



### 2. مەن تاپالايمەن.

قىشتا سۇ دەپ ئاتالماس،
سۇغا سالساڭ لەيلەيدۇ.
يازدا پەقەت ياشىيالماس،
ئىللىق ھاۋادا يىغلايدۇ.

ئايلىنىدۇ، ئايلىنىدۇ، ئۆز ئوقىدا،
ئايلانغىنى سېزىلمەيدۇ ھېچ بىر ۋاقىتتا.

# سەككىزىنچى بۆلەك

# بىز ۋە ئىلىم-پەن

**دەرسكە تەييارلىق**

- تـوك بولمىغان بىـر ئۆينى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. بـۇ ئۆيدىكى كىشىلەر قانداق قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ؟
- سىز نېمە ئىجاد قىلىشنى ئارزۇ قىلىسىز؟

## 29-دەرس

## بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە

ئەھمەد يۈكنەكى



**سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،**
**ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا.**
**سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،**
**بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.**

**ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ،**
**بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.**
**بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ نامى تىرىك بولىدۇ،**
**بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى ئۆلۈك بولىدۇ.**

**بىر بىلىملىك مىڭ بىلىمسىزگە تەڭ كېلەلەيدۇ،**
**تەڭلەشتۈرگەندە بىلىمنىڭ سالمىقى ئايان بولىدۇ.**
**ئەمدى ئەقلىڭ بىلەن بايقاپ كۆرگىن،**
**بىلىمدىن پايدىلىق يەنە قانداق نەرسە بار؟!**

## كۆنۈكمە



**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) تېكستتە بىلىمنىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ؟

2) بىلىمسىزلىكنىڭ قانداق زىيىنى بار؟

**2 . تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| كۇپلېت | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
|---|---|---|
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |

**3 . تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| ئىلىم | تور |
| دەۋر | قولاي |
| ئىنتېرنېت | بىلىم |
| ئاسان | زامان |

**4. تۆۋەندىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| ئاسان | نادان |
| يېقىن | قىيىن |
| بىلىملىك | كونا |
| يېڭى | يىراق |

## 5. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلەر | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
| --- | --- | --- |
| تىرىك | | |
| پايدىلىق | | |
| زىيان | | |
| سائادەت | | |
| تەڭلەشتۈر- | | |



## تىنىش بەلگىسى

### ياللاڭ تىرناق ‹ ›

< > شەكىل جەھەتتىن تىرناقتىن پەرقلىق بولۇپ، قوش تىرناقنىڭ ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە تەركىبلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن: بىرسى دېدى: «كىشىلەر، مېنى ‹ئىسىم ــئات› دەيدۇ.

... ... ...

خىزمىتىمنى ھەر قاچان،

شەرەپلىك دەپ بىلىمەن ...»



## 6. ياللاڭ تىرناقنى ئىشلىتىپ ئىككى مىسال يېزىڭلار.

## 30-دەرس

# مەن نېمە؟

## (تېپىشماقلىق مەسەل)



سايرام كۆلى

مەن ئۆزگىرەلەيمەن. ئاپتاپتا ھورغا ئايلىنىمەن. ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ سانسىز كىچىك تامچىلارغا ئايلىنىمەن. ھاۋادا ساياھەت قىلىمەن. بەزىدە ئاق، بەزىدە قارا كىيىنسەممۇ، ئەتىگەن ھەم كەچتە قىزىل كىيىنىمەن. بۇنداق چاغلاردا ئادەملەر مېنى «بۇلۇت» دەيدۇ.

مەن ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەندە، سوغۇق شامالغا ئۇچراپ قالسام، ئۇششاق تامچىلارغا ئايلىنىپ، يەرگە چۈشىمەن. بۇ چاغدا كىشىلەر مېنى «يامغۇر» دەيدۇ. قىش كۈنلىرى كىچىك ئاق چېچەككە ئايلىنىپ، ئۇچقۇنداپ يەرگە چۈشسەم، كىشىلەر مېنى «قار» دەيدۇ. بەزىدە مارجاندەك ئاپئاق مۇز بولۇپ چۈشسەم، كىشىلەر مېنى «مۆلدۈر» دەيدۇ.

كۆپىنچە كۆللەردە ئۇخلايمەن. ئېرىقلاردا ساياھەت قىلىمەن. دەريالاردا ئۆركەش ياسايمەن. دېڭىزلاردا ناخشا ئېيتىمەن ھەم ئۇسسۇل ئوينايمەن.

بەزى چاغلاردا مەن بەكلا مۇلايىم، بەزى چاغلاردا تەلۋىلىشىپ كېتىمەن. مەن ياخشى ئىشلارنىمۇ كۆپ قىلدىم. ئېتىزلارنى سۇغىرىپ، ماشىنىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىنسانلارغا ياردەملەشتىم. لېكىن، مەن قىلغان يامان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. زىرائەتلەرنى چۆكتۈرۈپ، ئۆيلەرنى ئۆرۈپ، ئىنسانلارغا ئاپەت ئېلىپ كەلدىم. كىشىلەر مېنى يامان ئىشتىن توسۇپ، ياخشى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن كۆپ ئەقىل ئىشلىتىپ، ئوبدان چارىلەرنى تاپماقتا. مەسىلەن: تۇرپاندىكى كارىزلار مېنى قوغداپ قېلىش ۋە مەندىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان.

ئۇيغۇر شائىرلار سايرام كۆلىنى مەدھىيەلەپ شېئىرلار يازغاندا، مېنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ساۋاقداشلار، بىلەمسىلەر، مەن زادى نېمە؟

## كۆنۈكمە



1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) تېكىستتىكى «مەن» نېمە؟
2) ئۇ نېمىلەرگە ئۆزگىرەلەيدۇ؟
3) سىلەرنىڭ نېمىلەرگە ئۆزگەرگۈڭلار بار؟
4) كەلگۈنىڭ كۆۋرۈكنى بوزۇۋەتمەسلىكى ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟



تېكىستتە باش قۇردىن باشلىنىپ، كېيىنكى باش قۇرغىچە داۋاملاشقان قىسمىنى «ئابزاس» دەيمىز.

2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| ئابزاس | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
|---|---|---|
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |
| تۆتىنچى | | |

### 3 . تۆۋەندىكى مەنداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| ئاپەت | يېقىملىق |
| ئات | ئەسكى |
| مۇلايىم | ئامال |
| يامان | ئىسىم |
| چارە | بالا-قازا |

### 4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلەر | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
|---|---|---|
| ئېتىز | | |
| تامچە | | |
| زىرائەت | | |
| ئۆركەشلە- | | |
| مارجان | | |

## 31-دەرس

# ئالتۇن ۋە بىلىم

**(چۆچەك)**

بۇرۇنقى زاماندا ئوقۇمۇشلۇق بىر بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخمەت ۋە ئەزىز ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىكەن.

بوۋاي بالىلىرىنى ئوقۇشقا بەرگەندە، چوڭ ئوغلى ئەخمەت مەكتەپتىن قېچىپ ئوقۇماپتۇ. كىچىك ئوغلى ئەزىز ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ بارلىق مال-دۇنياسىنى



سېتىپ، ئورنىغا ئالتۇن ئاپتۇ ۋە ئوغۇللىرىغا:

— مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، مۇشۇ ئالتۇنلارنى تەڭ بۆلۈشۈپ، كۆڭۈلگىلارنى ئېلىڭلار، — دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بوۋاي مەڭگۈگە كۆز يۇمۇپتۇ. ئاكا-ئۇكىلار يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. دادىسىنى يەرلىككە قويۇپ، نەزىرىنى بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئەخمەت:

—ئۇكام، مەن ئالتۇننى بازارغا ئاپىرىپ، تەپمۇتەڭ ئىككىگە بۆلدۇرۇپ كېلەي،—دەپتۇ-دە، ئالتۇننى



ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەزىز ئاكىسىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، ئاكىسى كەلمەپتۇ. ئەتىسمۇ كەلمەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئالتۇننى ئېلىپ، قېچىپ كەتكەن ئىكەن.

ئاتىسى ۋە ئاكىسىدىن ئايرىلغان ئەزىز بەكمۇ قايغۇرۇپتۇ. ئاخىرى دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، خۇسنخەت يېزىشقا كىرىشىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ شۇنداق ئۇستا خەتتات بولۇپ يېتىشىپتۇكى، ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى «قەغەزگە خەت ئەمەس، گۈل تىزىپتۇ» دېيىشىدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى ئەزىز بازارغا چىقىپتۇ. رەستىلەرنى ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، ناغرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا، ئوردىنىڭ جاكاچىسى ناغرا چېلىۋاتقۇدەك. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا ئولىششقا باشلاپتۇ.

—خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار،—دەپ ۋارقىراپتۇ جاكاچى ناغرا چېلىشنى توختىتىپ،—ئوردا دىۋانىغا پۈتۈكچى ئالىمىز، ئىختىيار قىلغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن! پۈتۈكچىلەرنى پادىشاھ ئۆزى ئىمتىھان ئېلىپ تاللايدۇ!

بىر قانچە كىشى قاتاردا ئەزىزمۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپتۇ ۋە ئوردىغا بېرىپتۇ.

ئىمتىھاندا ئەزىز پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، خۇسنخەتنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ يېزىپتۇكى، ساراي ئەھلى ھەيران قاپتۇ.

پادىشاھ ئەزىزنى ئېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇنى سارايغا باش پۈتۈكچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، باشقا بىر شەھەرگە سەيلە-زىيارەتكە ماڭغاندا، ئەزىزنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار شەھەرنى تاماشا قىلىپ، ئايلىنىپ يۈرسە، بىر كىشى ساپايى چېلىپ:

دادامدىنمۇ ئايرىلدىم،
ئۇكامدىنمۇ ئايرىلدىم.
مۇساپىرمەن بۇ يۇرتتا،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.

دەپ يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالە قىلىپ، تىلەمچىلىك قىلىۋاتقۇدەك.

بۇنى كۆرگەن ئەزىزنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، بىر تىللا سەدىقە بېرىپتۇ. تىلەمچى بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپتىكەن، ئەزىز ئۇنى تونۇۋاپتۇ. بۇ تىلەمچى ئەزىزنىڭ ئاكىسى ئەخمەت ئىكەن، ئەمما ئەخمەت كاتتا كىيىنىپ، سالاپەت بىلەن تۇرغان ئۇكىسىنى تونۇماپتۇ. ئەزىز ئاكىسى چۈشكەن سارايىنى سوراپتۇ ۋە كەچتە ئۇ يەرگە بېرىپ تونۇشلۇق بېرىپتۇ. ئەخمەت خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپتۇ. ئىككىسى ئۇزاق مۇڭدىشىپتۇ ۋە ئاخىرى ئەخمەت ھەسرەتلىنىپ:

—ئالتۇن دېگەنمۇ تۈگەيدىكەن، ئەمما، بىلىم تۈگىمەس بايلىق ئىكەن، ئەمدى بىلدىم،—دەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەخمەتمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپتۇ. بۇ ئاكا-ئۇكىلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر-بىرىگە كۆيۈنۈپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئۆتۈپتۇ.

## كۆنۈكمە



**1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) ئەخمەت نېمشقا تىلەمچىلىك قىلدى؟

2) ئەزىز تونۇشلۇق بەرگەندە، ئەخمەت نېمشقا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇ؟

3) «ئالتۇن تۈگەيدۇ، ئەمما، بىلىم تۈگىمەس بايلىقتۇر» دېگەن جۈملىنى قانداق چۈشەندىڭىز؟

4) سىز بوۋاينىڭ قايسى بالىسى بولۇشنى خالايسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

**2 . تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.**

1) بوۋاي بارلىق ........................ سېتىپ ئورنىغا ئالتۇن ئاپتۇ.

2) ئاتىسى ۋە ئاكىسىدىن ئايرىلغان ئەزىز ........................ .

3) ئۈكام، مەن ئالتۇننى بازارغا ئاپىرىپ ........................ دەپتۇ.

4) پادىشاھ ئەزىزنى ........................ ۋە ئۇنى سارايغا ........................ قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

5) تىلەمچى بېشىنى كۆتۈرۈپ ........................، ........................ ئاكىسى ئىكەن.

**3 . تۆۋەندىكى مەنداش سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| ئەزىز | قالتىس |
| ئىلىم | سەرگەردان |
| مۇئەللىم | قەدىرلىك |
| مۇساپىر | بىلىم |
| پۇتۇكچى | ئۇستاز |
| كاتتا | كاتىپ |

4. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلىرىم | لۇغەتتىكى مەنىسى | جۈملە |
| --- | --- | --- |
| ئوردا | | |
| جاكارچى | | |
| دىۋان | | |
| مىراس | | |
| مۇڭداش- | | |

5. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى تېكىست بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار.

1) ئەمگەك قىلغاننىڭ يۈزى يورۇق.

2) سورىغان بىلىم ئاپتۇ، ئۈيالغان كېيىن قاپتۇ.

3) ئاتنىڭ ياخشىلىقى ئېگەردە ئەمەس، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى كىيىمدە ئەمەس.

4) ئەتىيازدا ھۇرۇنلۇق قىلساڭ، كۈزدە قۇرۇق قول قالىسەن.

6. «ئالتۇن ۋە بىلىم» ئىسىملىك چۆچەكنى ئۆز چۈشەنچەڭلارغا ئاساسلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار. ۋەقەنىڭ تەرتىپىنى بۇزماي ۋە ھەر بىر ھالقىسىنى چۈشۈرۈپ قويماي سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىڭلار.

7. «ئالتۇن ۋە بىلىم» دېگەن تېكىستكە پەرقلىق ئىككى ماۋزۇ يېزىڭلار.

.............................................. ..............................................

32-دەرس

# چاقنىڭ تەرەققىياتى

## (چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

بۇرۇنقى زامانلاردا چاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چاق بولىسىمۇ ئۇ ماڭالىغۇدەك يوللار يوق ئىدى. ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى چاق لازىم بولمايدىغان ئورمانلاردا ۋە قاقاسلىقلاردا ياشايتتى. ھەر جايغا مېڭىپ باراتتى. ئۇزاق يەرلەرگە بېرىش ئۈچۈن ئات-ئۇلاغلارنى ئىشلىتەتتى.

چاق ئىجاد قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئىنسانلار نەرسىلەرنى سۆرەش ئارقىلىق يۆتكەيتتى. كېيىن ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا ياغاچ پارچىلىرىنى قويۇپ سۆرەشنىڭ ئاسانراق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. كېيىنچە بۇنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇنى يۇمىلاق ھالەتكە ئېلىپ كېلىپ، ئوتتۇرىدىن تۆشۈك ئېچىپ ئىشلەتكەندە، تېخىمۇ قولاي بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇمىلاق چاقلار ئىجاد قىلىندى.



چاقنىڭ ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى پەقەت بىر كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا كۆپچىلىكنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىرگەنلىكى مەلۇم.

بۈگۈنكى كۈندە ماشىنىلارغا ئىشلىتىلىۋاتقان رېزىنكە چاقلار، باشتا ۋېلسىپىت ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقتى.

ماشىنىنىڭ سىلكىنمەسلىكى، تېخىمۇ راھەت يول ئېلىشى ئۈچۈن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى ۋە تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىردى. ھازىر چاق ئىشلىتىلمەيدىغان بىر دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى قىيىن. ئايروپىلان، ماشىنا، ئاپتوبۇس، ۋېلسىپىت، زاۋۇت-كارخانىلاردا ئىشلىتىلگەن ماشىنىلار ...

بۇرۇنقى ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە بارماقچى بولسا، ھەپتىلەپ ھەتتا ئايلاپ يول يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ھازىر بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە بېرىش ئۈچۈن پەقەت سائەتلەرلا يېتەرلىك. چاق—بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا نۇرغۇنلىغان قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. شەھەرلەرنى، دۆلەتلەرنى ھەتتا قىتئەلەرنى يېقىنلاشتۇردى.

## كۆنۆكمە



**1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.**

1) ئەگەر سىلەر چاق بولمىغان زامانلاردا ياشىغان بولساڭلار، نەرسىلەرنى نېمە بىلەن يۆتكەيتتىڭلار؟

2) سىلەرنىڭ نېملەرنى ئىجاد قىلغۇڭلار بار؟ نېمىشقا؟

**2. تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.**

| ئابزاس | چۈشەنگەنلىرىم | خۇلاسەم |
|---|---|---|
| بىرىنچى | | |
| ئىككىنچى | | |
| ئۈچىنچى | | |
| تۆتىنچى | | |
| بەشىنچى | | |

### 3 . تۆۋەندىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| يېڭى | مۇرەككەپ |
| ئاستا | ئاز |
| قولاي | قىيىن |
| نۇرغۇن | تېز |
| ئاددىي | كونا |
| بۇرۇن | يېقىن |
| يىراق | هازىر |

### 4 . تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭلار.

| يېڭى سۆزلەر | لۇغەت مەنىسى | جۈملە |
|---|---|---|
| ۋېلسىپىت | | |
| ماشىنا | | |
| تەرەققىيات | | |
| ئايروپىلان | | |
| زاۋۇت | | |

## مەشىق باغچىسى



### 1. تۆۋەندىكى ئۈلگىگە ئوخشاش جۈملە تۈزۈڭلار.

1 ) توك يوق زامانلاردا ...

**ئۈلگە:** ئىنسانلار شام ئارقىلىق كېچىنى يورۇتاتتى، ھازىرقى زاۋۇت ـ كارخانىلار يوق ئىدى.

2 ) ماشىنا يوق زامانلاردا ...

جۈملەم: ..............................

3 ) چاق يوق زامانلاردا ...

جۈملەم: ..............................

4) تېلېفون يوق زامانلاردا ...

جۈملەم: ..............................

5) كومپيۇتېر يوق زامانلاردا ...

جۈملەم: ..............................



**2. ئىككى كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب تېپىڭلار.**

1) ئىنسانلار جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى تەبىئەتكە قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى؟

2) تاتلىق سۇنى ئاسراش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايمىز؟

3) توكنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟

**3. مەن تاپالايمەن.**

**ئەللىك – ئاتمىش ئەسكىرىم،**
**كىچىك ئۆيۈمگە سولاقلىق.**
**ئېچىپ كىرسەم ئىشكىنى،**
**بېشى قارا بوياقلىق.**

**ئەتىيازدا ياشىرىدۇ،**
**كۈزدە تاشلىنىدۇ.**



## 4. تۆۋەندىكى تېكستكە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلەرنى قويۇڭلار.

### قەھرىمان رىزۋانگۈل

سەلىمە ئا. كامال

1925 (   ) يىلى تۇغۇلغان رىزۋانگۈل ھاشىم قىزى (   ) ئۆلى پوچتا (   ) تېلېگراف ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان يىللاردا ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدا (   ) شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدۇ (   ) بۇ جۇمھۇرىيەت ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلدۇ. رىزۋانگۈل خىزمىتىدىن ئايرىلىپ (   ) قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا تەربىيەلىنىپ (   ) پىدائىي سېستىرا بولۇپ (   ) ئالدىنقى سەپكە باردۇ (   ) ياردار قەھرىمانلارنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدۇ (   ) رىزۋانگۈل ياشلىقنى ۋەتىنىگە بېغىشلىغاندا (   ) ئاران ئون توققۇز ياشقا كىرگەن ئىدى (   )


(رەسسام: جېلىل داۋۇت)




بىئولوگىيە ئىلمى ھاشارەتشۇناسلىق ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئالىملاردىن پروفېسسور تۈرك ئوغلى ئەھمەد ئۆمەر كوچاك بىلەن بىئولوگىيە ئىلمى دوكتورى ئۇيغۇر قىزى مۇھەببەت كامال(   ) 2000 (   ) يىللىق تەتقىقاتلىرى داۋامىدا كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل قىممەتلىك كېپىنەكنى بايقىغان (   ) بۇ كېپىنەككە (   ) رىزۋانگۈل (   ) نامىنى بېرىپ (   ) خەلقئارا زوئولوگىيەلىك ئىسىملەندۈرۈش كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرغان (   )

## لۇغەت

### -ئا-

**ئاسمان:** يەر ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاۋا رەڭ بوشلۇق؛ پەلەك، كۆك

**ئالىيپشىل:** ھەرخىل رەڭلەر ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ بىر رەڭ

**ئامال:** بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى، چارە-تەدبىر، ئىلاج، ئۇسۇل-چارە

**ئاندىن:** ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىن كېيىن، شۇ چاغدا

**ئايروپىلان:** ئادەم ۋە نەرسىلەرنى بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە تېز ئاپىرىشقا يارايدىغان، ئاسماندا ئۇچىدىغان جىسىم، قاتناش ۋاسىتىسى

**ئايىن-:** تۇتماق، ئاۋۇماق، كۆپەيمەك، كۈچەيمەك، ئېغىرلاشماق

### -ئە-

**ئەرك:** كىشىلەرنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن ئىش-ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقى؛ ئىختىيارىيلىق ئەركىنلىك.

**ئەستايىدىل:** كۆڭۈل قويۇپ، قېتىرقىنىپ ئىش كۆرۈش ئادىتى

**ئەللەي:** بوۋاق بالىنى ئۇخلىتىشتا ئېيتىلىدىغان سۆز ياكى ناخشا

**ئەنئەنىۋى:** قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىگە ئائىت

**ئەھمىيەتلىك:** ئەرزىيدىغان تەرىپى بار، ئەھمىيىتى بار

### -ب-

**باراڭ:** ئۈزۈم تاللىرى، كاۋا، قاپاق پىلەكلىرى ئارتىلىپ سايىلانغان جاي؛ كاۋا، قاپاق پىلەكلىرىنىڭ ۋە ئۈزۈم تاللىرىنىڭ ئارتىلىشى ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان جاھاز

**باغچە:** ھەر خىل گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ ئۆستۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ دەم ئېلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان جاي

**بايرام:** ھەممە ئادەم قۇتلايدىغان ئالاھىدە كۈن

**بايلىق:** قىممەتى بار ماددىي نەرسىلەر

**بەزىدە:** گاھى-گاھىدا، ئاندا-ساندا، بىرەبىرە

**بوۋاق:** يېڭى تۇغۇلغان بالا، يېشىغا توشمىغان بالا

**بوياق:** نەرسىلەرگە رەڭ بېرىدىغان ماددا

**بويۇن:** باش بىلەن تەننى بىرىكتۈرگۈچى قىسىم

**بېشىنى چايقا-:** بېشىنى ئىككى تەرەپكە ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، «ياق، بولمايدۇ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەش

**بىچارە:** چارىسىز، ئامالسىز، ئىلاجىسىز

**بىر چىمدىم:** بارماقلارنىڭ ئۇچلىرى بىلەن تۇتۇلغان ياكى تىرناقلارنىڭ ئارىسىغا ئېلىنغان، ناھايىتى ئاز

**بىلىم:** مەلۇم ساھەگە ئائىت بولغان مەلۇمات، ئۇچۇر

## -پ-

**پايتەخت:** بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي مەركىزى

**پايدىلىق:** پايدا، مەنپەئەت كەلتۈرىدىغان

**پەخىرلىك:** ھۆرمەت، شان-شەرەپ بېغىشلانغان، بەخش ئېتىلگەن، پەخىرلەنسە ئەرزىيدىغان، شەرەپلىك

**پىدا قىل-:** ئۆزىنى ئاتىماق، ئۆزىنى بېغىشلىماق

**پىكىرداش:** ئوخشاش پىكىردە بولغان كىشى

## -ت-

**تاقەتسىز:** تاقىتى يوق، تاقەت قىلالمايدىغان؛ چىدامسىز، ئالدىراڭغۇ

**تالماس:** ھارمايدىغان، چارچىمايدىغان

**تاماق:** غىزا، تائام، يېمەكلىك

**تامچە:** سۇيۇقلۇقنىڭ شار شەكلىنى ئالغان كىچىك-كىچىك دانىلىرى

**تەرەققىيات:** ئۆزگىرىش، ئۆزگىرىش جەريانى

**تەسەللى بەر-:** كۆڭلىنى تىنجىتىش ئۈچۈن نەسىھەت قىلماق، كۆڭلىنى ياسىماق

**تەنتەنە:** خۇشاللىق، سۆيۈنۈش قاتارلىق تۇيغۇلارنى ھاياجانلىق ھالەتتە ئىپادىلەش

**تەكرار:** يەنە بىر قېتىم، قايتا

**تەڭلە-:** بىر نەرسىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇزاتماق، سۇنماق

**تەڭلەشتۈر-:** سېلىشتۇرماق، تەڭ قىلماق، ئوخشاش ھالەتكە ئېلىپ كەلمەك

**توسقۇن:** دەخلى، پۇتلىكاشاڭ

**توغراق:** قۇملۇق ئىقلىمدا ئۆسىدىغان، قۇرغاقلىققا چىداملىق دەرەخ

**تۇت-:** بارماقلىرى بىلەن قاماللىماق

تۇنۇۋال-: تېزلا ئېسىگە ئالماق

تۆر: پەگاھقا نىسبەتەن يۇقىرىدىكى جاي، ھۆرمەتلىك كىشىلەر ئولتۇرىدىغان ئورۇن

تۈگىمەس: ئاخىرلاشمايدىغان، چەكسىز

تېتىپ باق-: تەمىنى بىلىش ئۈچۈن تىلى بىلەن سىنىماق

تىت-تىت بول-: ھېس-تۇيغۇ جەھەتتىن بىئارام بولماق

تىرىك: ئۆلمىگەن، جان بار، ھاياتتا، سولمىغان

تىياتىرخانا: تىياتىر نومۇرلىرى كۆرسىتىلىدىغان كۇلۇب

## -ج-

جاكارچى: ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇق، يوليورۇق، ئەمىر-پەرمان قاتارلىق بىلدۈرگىلەرنى خەلققە سۆز ئارقىلىق يەتكۈزگۈچى كىشى

جانلان-: قايتىدىن كۈچكە تولماق، تىرىلمەك

## -چ-

چالا: كەم، تولۇق ئەمەس

چاغ: ۋاقىت، دەۋر، زامان

چوپچوك: ناھايىتى پىشقان، ئىنتايىن يېتىلگەن (ئادەم)

چوڭ: يوغان، بۈيۈك، ئۇلۇغ، يېتىلگەن

چۇرقىرا-: ۋارقىرىماق

چۆچەك: تەسەۋۋۇرغا باي ئاغزاكى ھېكايە

چۈچۈك: ئاچچىق بىلەن تاتلىقنىڭ ئارىلىقىدا، كۆڭۈلگە ياقىدىغان

چۈشەن-: ئۇقماق، بىلمەك

## -خ-

خورىماس: تۈگىمەيدىغان، ئۈپرىمايدىغان

خىراجەت: چىقىم، سەرپ

خىزمەتداش: بىرلىكتە ئىشلەيدىغان كىشىلەر

خىسلەتلىك: ئالاھىدە ئىقتىدارى بار

## -د-

دان: قۇشلار يەيدىغان تېرىق قاتارلىق نەرسىلەر

دەسلەپ: ئەڭ باشتا، ئەڭ ئاۋۋال، تۇنجى قېتىم

دۈچ كەل-: ئۇچرىماق، يولۇقماق؛ ئۇدۇل

كەلمەك، روبرو كەلمەك

**دۈشەنبە:** ھەپتىنىڭ يەكشەنبەدىن كېيىنكى كۈنى، ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى

**دىۋان:** شېئىرلار توپلىمى، توپلام

## -ر-

**رەسىملىك:** رەسىمى بار؛ يۈزىگە، بېتىگە رەسىم چۈشۈرۈلگەن ياكى سىزىلغان

**رەقىب:** رىقابەتلىشىش خاراكتېرىنى ئالغان قارشى تەرەپتىكى كىشى

**رەڭگارەڭ:** ھەر خىل رەڭدىكى، رەڭمۇرەڭ

## -ز-

**زاۋۇت:** ئۈسكۈنە ئارقىلىق بىرنەرسىلەرنى ياسايدىغان جاي

**زەر:** ئالتۇن، ئالتۇندەك پارقىراق

**زىبا:** قەددى-قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق، گۈزەل،بەرنا، كۆركەم

**زىرائەت:** ئېتىزغا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر

**زىيان:** يوقىتىش، چىقىم، پايدىسى يوق

## -س-

**سائادەت:** زور بەخت

**ساۋاقداش:** بىرگە ساۋاق ئالغان، بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇغانلار

**سوغۇق:** ھارارىتى، تېمپېراتۇرىسى بەلگىلىك گرادۇستىن تۆۋەن

**سىز-:** قەلەم ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ ھەرخىل شەكىللەرنى پەيدا قىلماق

**سىناپ باق-:** قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، ئۇرۇنۇپ كۆرمەك

**سىنىپ:** باللارغا دەرس ئۆتۈلگەن جاي، بىرلىكتە دەرس ئوقۇغان باللار

## -ش-

**شاكىچىك:** كىچىك ئوغۇل بالا

**شاۋقۇن:** ھەرخىل ئاۋازلارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان كۈچلۈك ئاۋاز؛ ۋاڭ-چۇڭ

**شولا:** يورۇقلۇق، نۇر

## -ف-

**فېۋرال:** 2-ئاينىڭ ئىسمى

## -ق-

**قاپقارا:** رەڭگى ناھايىتى قارا

**قارار:** قانداق قىلىش توغرىسىدىكى كەسكىن كۆز قاراش

**قانات:** سۇ ۋە باشقا ئېچىملىككە بولغان ئېھتىياجىنى تەمىنلىمەك

**قانچە:** دەرىجىسىنى ياكى سانىنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۆز

**قايىل:** ئىشىنىش، قوبۇل قىلىش

**قەپەس:** قۇش ياكى ھايۋانلارنى ساقلاش، بېقىش ئۈچۈن سىم ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن توقۇپ ياسىلىدىغان ساندۇق ياكى ئۆي شەكىللىك بۇيۇم

**قەدەم:** ئاياغ تاشلاپ قىلىنغان ھەربىر ھەرىكەت، چامدام، ماڭدام

**قەغەز:** خەت يېزىش ۋە رەسىم سىزىش، كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلارنى بېسىش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال

**قۇرت:** ھاشارات ۋە شۇ خىلدىكى كىچىك ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار

**قۇش:** ئۇچىدىغان جانلىقلار، ئۇچار قاناتلار

**قىرشقاندەك:** ئارزۇ قىلغاننىڭ ئەكسىچە، خالىغاننىڭ ئەكسىچە

**قىرنداش:** تۇغقانلىق مۇناۋىستى بار، ئوخشاش قاندىن كەلگەن كىشى

**قىرغاق:** سۇنىڭ لېۋى، ياقىسى، چېتى، قىرى، گىرۋىكى

**قىسقۇچ:** نەرسىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشتا ۋە قىسىپ ئېلىشتا ياراىدىغان ئەسۋاب

## -ك-

**كاتېر:** كىچىك تېپتىكى موتورلۇق كېمە، قېيىق

**كەچ كۈز:** قىش كىرەي دەپ قالغان ۋاقىت

**كەمدىن كەم:** بەك ئاز، تولىمۇ ئاز، ئاندا-ساندا

**كەينىدىن:** ئارقىدىن، ئارقىسىدىن.

**كۆكلە-:** بىخ چىقارماق، ئۆسمەك، چوڭ بولماق، تەرەققىي قىلماق

**كۆل:** سۇ يىغىلىدىغان چوڭ تېپتىكى ئويمان

كۆمۈر: يېقىلغۇ ياكى خام ئەشيا قىلىنىدىغان قارا رەڭلىك يەر ئاستى بايلىقى

كۈچ: قۇۋۋەت، ماغدۇر

كۈلۈمسىرە-: چىرايىنى كۈلۈۋاتقاندەك قىلىپ، يېقىملىق كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلماق

كىشىلەر: ئىنسانلار

## -گ-

گاللۋاك: ئەقلى تازا ئىشلىمەيدىغان، زېھنىي قابىلىيىتى ئاجىز

گۈلىستان: گۈل-چېچەككە ئورالغان، باغ-بوستانغا ئايلانغان جاي، گۈلزار، گۈل باغچىسى

## -ل-

لايىق: مۇۋاپىق، ماسلاشقان

لەززەتلىك: مەززىلىك، شېرىن، تاتلىق، يېيىشلىك

لىباس: ئۈستى كىيىم، ئىچىدىكىنى پۈتۈنلەي يېپىپ تۇرىدىغان يېپىنچا

لىككىدە: يېنىك بىر ھەرىكەت ئارقىلىق ئىتتىكلا، تېزلىكتە

## -م-

مارجان: مونچاق، ئۈنچە قاتارلىق زىننەت بۇيۇمى

ماشىنا: كىچىك تىپتىكى موتورلۇق قاتناش ۋاستىسى، ئاپتوموبىل

مەنزىرە: ئەھۋال، كۆرۈنۈش

مۇئەللىم: ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى

مىۋز: نۆلدىن تۆۋەن گرادۇستا سۇنىڭ قېتىشىدىن ھاسىل بولغان جىسىم

مۇسابىقە: باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ۋە ئۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بەسلىشىش، ئېلىشىش

مۇڭداش-: غەم-قايغۇ، دەرد-ھەسرەت ۋە خۇشاللىقلىرىنى ئورتاقلاشماق

مېھمان: چاقىرىلغان ياكى كۈتۈۋېلىنىدىغان كىشى

مىراس: ئۆلگەنلەردىن قالغان ماددىي ياكى مەنىۋى بايلىق

مىللىي: بىر خەلققە خاس بولغان

## -ن-

ناشتا: ئەتىگەنلىك تاماق

نامرات: كەمبەغەل، يوقسۇز

نامزات: سايلىنىشنى كۈتۈۋاتقان كىشى

## -ھ-

ھەپتە: دۈشەنبىدىن يەكشەنبىگىچە بولغان يەتتە كېچە-كۈندۈزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىت

ھەددە: ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىنداش، ئاچا

## -ئو-

ئوردا: خان، پادىشاھلار قاتارلىقلار تۇرىدىغان جاي، تۇرالغۇ

ئوغۇل: ئەر جىنسقا تەۋە بولغان بالا

ئوماق: چىرايلىق ھەم يېقىملىق، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان

## -ئۇ-

ئۇچ-: ھاۋادا لەيلەپ تۇتۇپ ئىلگىرىلىمەك

ئۇششاق: ناھايىتى كىچىك

ئۇلۇغ: ناھايىتى چوڭ، كاتتا

ئۇۋا: ھايۋانلارنىڭ ياكى قۇشلارنىڭ ئۆيى

## -ئۆ-

ئۆچ-: نۇرى يوق بولماق، يورۇقلۇقى يوق بولماق

ئۆركەشلە-: داۋالغۇماق، ئېگىز-پەس ھەرىكەت قىلىپ ئاقماق

ئۆز: يېقىن، قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار

ئۆگەن-: ئۆزلەشتۈرمەك، ئىگىلىمەك، بىلىشنى قولغا كەلتۈرمەك

## -ۋ-

ۋەتەن: ئىنساننىڭ تۇغۇلغان ياشىغان ۋە ئۆزىنى ئائىت ھېس قىلغان يېرى

**ۋېلسىپىت:** ئىككى چاقلىق قاتناش قورالى

## -ئې-

**ئېتىز:** دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان يەر

**ئېگىز:** مەلۇم ئۆلچەمگە نىسبەتەن يۇقىرى

**ئېلىش-:** كۈرەش قىلماق، قورال ۋە كۈچ ئىشلىتىپ ئۇرۇشماق

**ئېمىزگە:** بوۋاقلارغا تەسەللىي بولسۇن ئۈچۈن ئەمدۈرۈلىدىغان نەرسە

## -ئى-

**ئىدارە:** مەلۇم ساھەگە مەسئۇل بولغان تەشكىلات، مۇئەسسەسە

**ئىزدە-:** تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق

**ئىيۇل:** 7-ئاينىڭ ئىسمى

## -ي-

**يات:** تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يوق

**ياشانغان:** قېرىغان، مويسىپىت

**يالتىراق:** پارقىرايدىغان، پارقىراق

**يامان:** ئەسكى، ئوسال، ناچار

**يامۇل:** كىشىلەرنى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىپ سولاپ قويىدىغان جاي، تۈرمە

**يوق:** مەۋجۇت ئەمەس

**يۈرەك:** قەلب، كۆڭۈل

# مەنبەلەر


- ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار، ‹ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىش›، «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1996، بەت: 117-228.
- ئابدۇللاھ ئاتاشچى، ‹دوستۇم›، «باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىك كىتابى ــ تۈركچە-2»، كوزا نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2018، بەت: 14-17.
- ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر، ‹ۋەتەن ئانىمىز›، «كۆرەشچان ئەجدادلار»، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 2019، بەت: 29.
- ئابلىكىم روزى، ‹شائىر تاغام لۇتپۇللا›، «ئۈمىد غۇنچىلىرى»، ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 1986، بەت: 63-65.
- ئابلىكىم روزى، ‹ھەيتە›، «ئۈمىد غۇنچىلىرى»، ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 1986، بەت: 43.
- ئارسلان ئابدۇللاھ تەھۇر، ئابدۇرېھىم راخمان، يارى ئەبەيدۇللا، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2010.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹ئاچچىق ۋە تاتلىق›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1-قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 53.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹ئاكلا قۇلۇلە›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1-قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 110.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹بولسا مېنىڭدە›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1- قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 88.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹بىر مىنۇت›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1-قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 26.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹بىزنىڭ مەھەللە›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1-قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 35.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹زۇمرەت كۆل›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1-قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 100.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹قىش كېچىلىرى›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1-قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 42.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹مەن نېمە›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1-قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 155.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹ئۆزۈمنى سايلايمەن›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1-قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 22.
- ئايشەم پەيزۇللا قاتارلىقلار ‹يالغانچى بالا›، «تىل-ئەدەبىيات»، 2-يىللىق 1-قىسىم، مائارىپ نەشرىياتى،

ئۈرۈمچى، 2004، بەت: 57.

- ئەخمەت يۈكنەكى، ‹بىلمىنىڭ پايدىسى ۋە بىلمىسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە›، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، تەييارلىغۇچى: خەمىت تۆمۈر ۋە تۇرسۇن ئايۇپ، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1983، بەت: 21.
- ئەخمەتجان قۇربان سابىرى، ‹قارلىغاچ بىلەن زىبا›، «ئۇيغۇر باللار مەسەللىرى» 1-قىسىم، ش. ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 89؛ «ئوكيانىيەدە ئۇيغۇر ساداسى»، (سەلىمە ئا. كامال ۋە مەغفىرەت يۈنۈسئوغلى تەييارلىغان)، دوغۇ كۈتۈپخانىسى، ئىستانبۇل، 2017 ، بەت: 77.
- پەرھات مەمتىمىن، ‹جىنىم ئانا›، «تارىم غۇنچىلىرى»، ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1985، 1-سان، بەت: 32.
- تۇرسۇن قادىر، ‹قارا-قارا قۇشلارىم ئويۇنى›، «قوشماق ئاداش»، گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى ۋە ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2015، بەت: 22.
- چىمەنگۈل ئاۋۇت، ‹ئانا تىلىم ئانامدەك›، «ئوكيانىيەدە ئۇيغۇر ساداسى»، (سەلىمە ئا. كامال ۋە مەغفىرەت يۈنۈسئوغلى تەييارلىغان)، دوغۇ كۈتۈپخانىسى، ئىستانبۇل، 2017، بەت: 79.
- سەلىمە ئا. كامال، «قەھرىمان رىزۋانگۈل»، تور https://www.akademiye.org/ug/?p=166312 ئېرىشىش ۋاقتى: 2022-7-21، 16:15)
- كوللېكتىپ، ‹ئالتۇن ۋە بىلىم›، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» — 5، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1999، بەت: 218-220.
- كوللېكتىپ، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، 11-توم، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى؛ مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ؛ 2005، بەت: 355-394.
- مەمتىلى تەۋپىق، ‹قۇتۇلۇش يولىدا›، «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى»، (ئىبراھىم ئالىپ تېكىن تەييارلىغان)، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2000، بەت: 28.
- مۇختار بۇغرا، ‹بوۋاق بالا ئەمەسمەن›، «قۇم پەسلى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2005، بەت: 117.
- مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009.
- نىھات ئەردال، ‹چاقنىڭ تەرەققىياتى›، «باشلانغۇچ مەكتەپ تۈركچە» — 2، ئادا نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2019، بەت: 148-150.
- ھەيئەت، ‹سادىر پالۋان قوشاقلىرى› «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، 10-توم، خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى؛ مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2005، بەت: 3-8.
- ئىبراھىم ئالىپ تېكىن، ‹بىرلىك — ئۇلۇغ كۈچ›، «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، 2000، بەت: 67.
- ئىقبال تۇرسۇن، ‹نورۇز بايرىمى›، «بىزدىكى نورۇز تەنتەنىسى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى» https://www.akademiye.org/ug/?p=8159 (ئېرىشىش ۋاقتى: 2022-6-16، 15:35)